مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال مەملىكەتلىك ئاساسلىق ژۇرناللار ئامبىرىغا كىرگەن ژۇرنال شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن ئەلا ژۇرنال



MIRAS

美拉斯

# ميراس

2

2015

ISSN 1004-3829


نوروز سالامی

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال  2015 ـ يىل 2 ـ سان

(ئومۇمىي 148 ـ سان)

## ئادەت قىرىماس


ئۇيغۇرلاردا چاي مەدەنىيىتى ۋە چايخۇمار ئۇچتۇرپانلىقلار ..........
تۇرسۇن بارات (1) ..............................................
تېرەك ئاۋاتلىقلارنىڭ ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئۇسۇلى ......
مۇھەممەد توختى (18) ..............................................


## دەۋر ۋە ئەنئەنە


ئىسلام دىنىدىكى تىنچلىق يولى .................... تۇرسۇن ھېيتەم قارى (9)


## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى كىشىلىك تۇرمۇشقا نەزەر ..........
ئايشەمگۈل ئەنۋەر (12) ..............................................
ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئاياللارنىڭ گۈزەللىك تەسۋىرى .................................... ئابدۇغېنى مەمەت (28)


## دۇنيا مىراسى


مىمفىس ۋە ئەلئىبھرام .................... مېھرىگۈل قادىر تەرجىمىسى (20)


## يىلتىزسىز دەرەخ بولماس


تەلۋەچۇك ۋە يامانىيار .................... سابىرجان سېيىت (25)


## ئەجداد مىراسى — ئەۋلاد جۇلاسى


ئۇيغۇرلاردا ياغاچچىلىق مەدەنىيىتى .................... ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (35)





نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
**ئازاد سۇلتان** (پىروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر: **نۇرنىسا باقى**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: **نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**
**ئەزىزەم تۇيغۇن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 _ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 _ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
جەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园

## ئايدىڭ كېچىلەر


قىز - يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەت قوشاقلىرى ... تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (44)


## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا


قىزىل ئەۋلىيا ........................................ (52)


## گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار


مەسەللەر ........................................ مۇھەممەت ئىمىن (67)


## سۆزۈك بۇلاق


كەلپىندىكى بىر قىسىم يەر - جايلارغا قىسقىچە ئىزاھات ..................
.................... ئەيساجان تۇردى ئاچچىق، ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل (70)


بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 32 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 32 يىللىق شانلىق تارىخىدا 148 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 32 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!


مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزەم تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: مۇنىرە مۆمىن
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: «گۈلخان» تۇردى ئىمىن سىزغان
ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى مەتتوختى بارات، نەۋبەت تەمىنلىگەن

Chief editor: Azad Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki

社长，总编：
阿扎提·苏里坦
教授，博导
副社长，副总编：
木合塔尔·买买提
（编审，法人代表）
本期责任编辑：
努尔尼沙·巴克（副编审）
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federa_tion of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥




تۇرسۇن بارات

چاي ــ دۇنيا بويىچە داڭلىق ئۈچ چوڭ ئىسپىرتسىز (چاي، قەھۋە، كوكاكولا)نىڭ بىرى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ چايدىن پايدىلىنىش تارىخى ناھايىتى ئۇزاق. چاي ــ بۈگۈنكى كۈندە يەر شارىدا ياشاۋاتقان 5 مىليارد ئادەمنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئادىتىدە ئەڭ ياخشى كۆرۈپ ئىچىدىغان تەبىئىي ئىچىملىكتۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق چاي ئىستېمال قىلىش تارىخىدىن قارىغاندا، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جۇغراپىيەلىك مۇھىت، كىلىماتقا ۋە ئۆزلىرىنىڭ مىجەزىگە قاراپ چايلارنى تاللاپ ئىچىشكە ئادەتلەنگەن. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان دەۋردە، ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى ئوزۇقلۇق، كالا، قوي سۈتىنى ئىچىملىك قىلغان. كېيىنكى مەزگىللەردە ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنى چاي ئورنىدا دەملەپ ئىچكەن. ئۇيغۇرلار قەدىمدە ئالما قېقى، بېيە يوپۇرمىقى، يالپۇز، پىننە، رەيھانگۈل، قىزىلگۈل، دانەكچى ئۇرۇقى، ئارپىبەدىيان،

رۇم بەدىيان، زەپە، سانا، لاچىندانە، قۇرۇق زەنجىۋىل، قوۋزاق دارچىن، پىل ـ پىل، مىخدارچىن، ئاقمۇچ، ئەفيۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى دەملەپ ئىچكەن. پىتولومى زامانىدا ۋە يىپەك يولى سودىسى تەرەققىي قىلغان تاڭ دەۋرىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ داڭلىق چايلىرىنى ئاتقا تېگىشىپ ئىچكەن، تاۋار ـ دۇردانىلىرىنى كىيگەن.

**ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىغان چايلىرىنىڭ تۈرلىرى**

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كۆپرەك ئىستېمال قىلىدىغان چايلارنى كېلىش مەنبەسى ۋە سۈپىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ بىر نەچچە خىلغا ئايرىلىدۇ.

**1. سۈت چاي**

«سۈت چاي قايناق سۇ رەڭگىنى سۈت رەڭگىگە كىرگۈزىدىغان ھەر خىل خۇرۇچلاردىن تەييارلىنىدىغان چايلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنى ماتېرىيال پەرقىگە قاراپ، سۈتلۈك چاي، مېغىز چاي، تۇخۇم چاي دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن.

**سۈتلۈك چاي:** سۈتلۈك چاي كالا سۈتى، قوتاز سۈتى، قوي سۈتى، ئۆچكە سۈتى قاتارلىقلار ئاساسىي خۇرۇچ قىلىپ تەييارلىنىدۇ. سۈت مۇتىدىل تەبىئەتلىك بولۇپ، تەركىبىدە ياغ، ئاقسىل قاتارلىق ماددىلار بىر قەدەر مول. ئۇنىڭدىن باشقا كالتسىي، فوسفور، ناترىي، گۈڭگۈرت، تۆمۈر، مىس، يود قاتارلىق ئادەم بەدىنىگە كېرەكلىك ھەر خىل ئېلېمېنتلار بار. سۈتتە يەنە ۋىتامىن B گۇرۇپپىسىدىكى كۆپ خىل ۋىتامىنلار بار. سۈت ئاسان ھەزىم بولىدىغان سۈپەتلىك ئوزۇقلۇق بولۇپ، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇپ، تېرىنى پارقىرىتىش، مېڭە، يۈرەك قاتارلىق ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

خۇسۇسىيەت جەھەتتە بۇغا سۈتى ئالدىنقى ئورۇندا، قوتاز سۈتى 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. كالا، تۆگە، ئۆچكە، قوي سۈتلىرى ئوتتۇراھال، بايتال سۈتى تۆۋەن سۈپەتلىك ھېسابلىنىدۇ.

**ئەتكەن چاي:** قازان ياكى چەينەكتە قاينىتىلغان سۇغا چاي سېلىپ سۇس ئوتتا بىر ئۆرلىتىلىدۇ. ئاندىن ئۈستىگە سۈت قۇيۇپ يەنە بىر ئۆرلىتىپ ئېلىنىدۇ. ئادەتتە ئىككى جىڭ سۇغا تۆت مىسقال قارا چاي، بىر جىڭ سۈت قۇيۇلىدۇ. تەم تېتىغۇدەك ئاش تۇزى سېلىنىدۇ.

**قايماق چاي:** قاينىغان سۇغا چاي سېلىپ بىر ئۆرلىتىدۇ. خام قايماقنى مۇۋاپىق مىقداردا تۇز سېلىپ ئايرىم قاچىدا قوچۇپ سۇيۇلدۇرۇلىدۇ. ئاندىن قايناق چايغا قۇيۇپ يەنە بىر قېتىم ئۆرلىتىلىدۇ، ئىككى جىڭ سۇغا ئادەتتە ئىككى ئۈچ سەر خام قايماق، بىر قوشۇق ئاش تۇزى قوشۇلىدۇ.

**2. مېغىز چاي**

مېغىز چاي ھەر خىل مېۋە مېغىزلىرىنى خۇرۇچ قىلىپ، چاي رەڭگىنى سۈت رەڭگىگە كىرگۈزۈپ تەييارلىنىدىغان چايدۇر. خۇرۇچ پەرقىگە قاراپ ياڭاق چاي، بادام چاي دەپ ئايرىلىدۇ. رەڭگى ئوخشاش بولسىمۇ، خۇسۇسىيىتى ئوخشىمايدۇ.

ياڭاق چېيىنى تەييارلاشتا ئاۋۋال ياڭاق تونۇرغا سېلىنىپ قىزىتىلىدۇ ياكى مېغىزى قازاندا قورۇپ سارغايتىلىدۇ، ئاندىن يۇمشاق سوقۇلىدۇ. ئازراق تۇز قۇيۇلىدۇ. تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ياڭاق چېيى مېھمان كۈتۈش ئۈچۈن تەييارلىماقچى بولسا، سوقۇپ تەييارلىغان ياڭاق مېغىزى ئۈستىگە ئازراق قايناق سۇ قۇيۇپ قوچۇلىدۇ. ئۈستىگە دەملەنگەن قارا چاي قۇيۇپ، قاچىنىڭ ئاغزى بىردەم يۆگىلىپ تىندۇرۇلىدۇ. ئاندىن چاي ۋە ياڭاق مېغىزىنىڭ تىرىپلىرى داكىدا سۈزۈپ تاشلىنىدۇ، ئائىلىدە ئىستېمال قىلماقچى بولسا سۈزمىسىمۇ بولىدۇ، بۇ چاي يېزىلاردا كۆپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**3. تۇخۇم چاي**

توخۇ تۇخۇمىنى خۇرۇچ قىلىپ تەييارلىنىدىغان بۇ چاي خۇرۇچ ۋە تەييارلاش جەھەتتىكى پەرقىگە قاراپ تۇخۇم چاي ۋە خام شىرە چاي دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. تۇخۇم چاي تەييارلاشتا ئون تۇخۇم ئىككى جىڭ سۈتكە قويۇپ قوچۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئىككى جىڭ سۇ قوشۇلۇپ قازانغا قويۇپ ئاستا قاينىتىپ پىشۇرۇلىدۇ. تۇخۇمنىڭ قازان تېگىگە ئولتۇرۇپ پىشلاق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن قاينىتىش ۋاقتىدا قازان قوچۇپ تۇرۇلىدۇ. بۇ چايغا قارا چاي سېلىنمايدۇ. شىرەلىك، خۇشبۇي، قېنىق قايماق، رەڭلىك، ئالاھىدە قۇۋۋەتلىك بولىدۇ. تۇخۇم چاي قاراقۇرۇم باغرىدىكى تاغلىق رايون خەلقلىرىنىڭ ئەتىۋارلىق مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشتا تەييار قىلىدىغان ئالاھىدە چايدۇر.

خام شىرە چاي تەييارلاشتا ئىككى ـ ئۈچ دانە تۇخۇم چېقىلىپ قاچىغا قويۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۈستىگە تولۇق قاينىغان بىر جىڭ قايناق سۇ قۇيۇلۇپ دەرھال قوچۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. تۇخۇم چالا پىشىپ پىشلاقلا ئايلىنىدۇ. خام تۇخۇم ھېدى بىرئاز كۆچلۈكرەك بولىدۇ.

شۇڭا «خام شىرە چاي» ياكى «تۇخۇم بىلەن چاي سۇتلەش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

### 4. يوپۇرماق چاي

«يوپۇرماق چاي دەرەخ يوپۇرمىقىدىن ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان ھەر خىل چايلارنى كۆرسىتىدۇ. چاي — ئاساسەن چاي دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىنى قۇرۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن تەييارلىنىدۇ، چاينىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا بىر قەدەر تونۇشلۇق بولغان تۈرى تۆۋەندىكىچە:

قارا چاي: چاي دەرىخىنىڭ يوپۇرماق ۋە بىخلىرىنى يىغىۋېلىپ ئېچىتىپ، پىششىق خىش شەكلىدە، ھەر خىل چوڭلۇقتا ياسالغان چاي، رەڭگى قارا ياكى قارىغا مايىل بولغاچقا «قارا چاي» دەپ ئاتىلىدۇ.

پەمىل چاي: چاي دەرىخى يوپۇرماقلىرىنى ئۈزۈپ قۇرۇتۇپ ئىشلەنگەن چاي بولۇپ، دانىسى ئۇششاق، رەڭگى قارىغا مايىل كېلىدۇ، ئۇيغۇرلار بۇ چاينى مۆتىدىل تەبىئەتلىك دەپ قارايدۇ.

كۆك چاي: چاي يوپۇرمىقى دانىمۇدانە تولۇپ ئىشلەنگەن چاي بولۇپ، رەڭگى كۆكۈچ ياكى سارغۇچ، قارا كېلىدۇ، دەملىگەندە يوپۇرمىقى ئەكسىگە كېلىدۇ.

قىزىل چاي: بۇ كۇنجۇت چوڭلۇقىدىكى قارا كىرىستال چاي بولۇپ، تەبىئىي ئىسسىق، دەملىگەندە قىزغۇچ رەڭگە كىرىدۇ. سوغۇق مىجەزلىك، كەم ماغدۇر ئادەملەرگە باب كېلىدۇ.

ئاق چاي: چاي يوپۇرمىقى دانىمۇدانە شار شەكلىگە كەلتۈرۈپ قۇرۇتۇلغان چاي.

دۇم چاي: يوپۇرماقلىرىنى ئۈزۈپ يومىلاق توقاچ سوپۇن شەكلىدە قاتۇرۇپ ياسالغان بىر خىل چاي. بۇ چاينى قارا چاي سەپراغا تېگىدىغان كىشىلەر ئىستېمال قىلىدۇ.

تاش چاي: شەكلى ۋە رەڭگى قارا چايغا ئوخشاش بىر خىل تاختا چاي، ناھايىتى قاتتىق كېلىدۇ. سۇندۇرۇش قىيىن، ئىسسىق مىجەزلىك كىشىلەر دەملەپ ئىچىدۇ.»

### 5. قەنت چاي

سۈت چاي دورا چاي ياكى يوپۇرماق چايلارنىڭ تاتلىق تەم خۇرۇچلىرى قوشۇلۇپ تەييارلانغان چايلارنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر. چايغا قوشۇلىدىغان تاتلىق خۇرۇچلار ناۋات، ھەسەل، قەنت-شېكەر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، چەينەككە سېلىنماي چاي قاچىسىغا سېلىپ، ئۈستىگە دەملەنگەن چاي قۇيۇپ ئېرىتىپ ئىچىلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا تاتلىق خۇرۇچلارنى چەينەككە سېلىپ دەملەپ ئىچسىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل چايدا تەم ئاساس، رەڭ قوشۇمچە بولىدۇ. شۇڭا تاتلىق تەم خۇرۇچنىڭ نامى بويىچە «ناۋات چاي»، «ھەسەل چاي»، «قەنت چاي»، «شېكەر چاي» دەپ ئاتىلىدۇ.

### 6. ئۇيغۇرلاردا دورىلىق چاي ئىچىش ئادىتى

ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقىدەك سۈت چاي، يوپۇرماق چاي (قارا چاي، كۆك چاي، قىزىل چاي، پەمىل چاي) ھەر خىل قەنت، ناۋات چايلىرىنى ئىچىش ئادىتىدىن باشقا، يەنە دورىلىق چاي ئىچىش ئادىتىمۇ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش، تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، دىيارىمىزدىكى قەدىمكى قەلئە شەھەر خارابىلىرى بىلەن ئىپتىدائىي قەبرە يادىكارلىقلاردىن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز كېسەل داۋالاش ۋە ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ھەر خىل ئوت چۆپلەر، شاخ-يوپۇرماقلىرى ۋە يىلتىزلىرى تېپىلدى. بۇ ئۆسۈملۈكلەر ئەلۋەتتە قەدىمكى تېۋىپلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنى تونۇشى، دورىلىق خۇسۇسىيىتىنى ئىگىلىشى، قايتا-قايتا سىناق قىلىشى ۋە كېسەللىكلەرنى شىپا تاپقۇزۇش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ كېيىنچە چاي ئورنىدا دائىم ئىستېمال قىلىنىدىغان بولغان ۋە بارا-بارا دورىلىق چايغا قاراپ تەرەققىي قىلغان. بۇنداق دورىلىق چاي ئىچىش ئادىتى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان تۈركىي تىللىق خەلقلەر كۆپ ئىچىدۇ، بولۇپمۇ خوتەن، قەشقەر كۇچا ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ھازىرغىچە ئەۋلادمۇئەۋلاد يەرلىك ئەنئەنە سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

### 1. ئاددىي دورا چاي

ئاددىي دورا چاي مەلۇم بىر خىل دورا ئوت-چۆپنى خام ئەشيا قىلىپ دەملىنىدىغان چايلاردۇر. بۇ خىل ئاددىي دورا چاينىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، كۆپرەك ئىشلىتىدىغىنى تۆۋەندىكىچە:

گۈلچاي: بۇ قىزىلگۈلنىڭ قۇرۇتۇلغان بەرگلىرىنى سېلىپ دەملىنىدىغان چايدۇر. قىزىلگۈل بولمىغاندا قىزىلگۈل يوپۇرمىقى، بىخشى قاتارلىقلارنى دەملەشكىمۇ بولىدۇ.

پىننە چاي: پىنىنىڭ يوپۇرماق، غول-بىخلىرى سېلىنىپ دەملىنىدىغان چاي بولۇپ، ئۇلارنى ئايرىم ئىشلىتىشكىمۇ، قوشۇپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

رەيھان چېيى: تاغ رەيھاننىڭ گۈل، يوپۇرماقلىرى سېلىپ دەملىنىدۇ. قىسقىسى، ئاددىي چايلارنىڭ تۈرى

كۆپ بولۇپ، زىرە، ئارپىبەدىيان، بابۇنە، با دەرەنجى بۇيا، چولچۇن، ئەگلىك ئوت، ئىگىر، چىگىسەي ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن چاي ئورنىدا دەملەپ ئىچسە بولىدۇ. مۇرەككەپ دورا چايلار كىشلەرنىڭ مىجەزىگە قاراپ ھەر خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن بىر نەچچىنى بىرلەشتۈرۈپ دەملەپ ئىچىدىغان چايدۇر. بۇ چايلار كېسەل داۋالاشنى ئاساسىي ئورۇندا، چايچىلىق رولى 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. دورا چاينىڭ ھەرقاندىقنى ئايرىم دەملەپ ئىچىشكىمۇ بولىدۇ، قارا چاي بىلەن قوشۇپ دەملەپ ئىچىشكىمۇ بولىدۇ.

دېمەك، ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى قەدىمكى ئىپتىدائىي دەۋردىن باشلاپلا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ھاياتىدا سۈت چاي، ھەر خىل يوپۇرماق چاي ئىچىش مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان، چاي ئارقىلىق سالامەتلىكنى ئاسرىغان، ھازىر ئۇيغۇر خەلقى بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىز ياراتقان رېتسېپلارغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى سىرتىدا يېڭى رېتسېپلارنى ئىجاد قىلىپ چاي ئىچىش مەدەنىيىتىمىزنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرماقتا.

**2. ئۇيغۇرلارنىڭ ساماۋەر شورپىخانىلاردا (چايخانا) چاي ئىچىش ئادىتى**

يۇقىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا دەملەپ ئىچىپ كېلىۋاتقان سۈت چاي، مېغىز چاي، تۇخۇم چاي، قەنت چاي ۋە ھەرخىل دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ياسالغان 15 خىلدىن ئارتۇقراق چايلارنى دەملەپ ئىچىدىغانلىقى، دوست-يارەنلەر، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە ئەزىز مېھمانلارنى يۇقىرىقى چايلار بىلەن كۈتىدىغانلىقى توغرىسىدا قىسقىچە توختالدۇق. ئەمدى ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقلىرىنىڭ ئۆيدە، ھەر خىل توي-تۆكۈن، مەشرەپ، نەزىرلەردە چاي ئىچكەندىن باشقا يەنە بىر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى، شەھەر، بازارلاردىكى ساماۋەرخانىلاردا مەخسۇس چاي دەملەش ئۇستىلىرى تەرىپىدىن دەملەنگەن چاينى ئەتىگىنى جامائەت بىلەن، باشقا ۋاقىتلاردا دوست-بۇرادەرلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئىچىش ئادىتى توغرىسىدا توختىلىمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ ساماۋەرخانىلاردا توپلىشىپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىش ئادىتىنىڭ تارىخى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن قەبىلە بولۇپ ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي ھالىتىدە شەكىللىنىشكە باشلاپ ئولتۇراقلىشىش، دېھقانچىلىق جەمئىيەتتىكى تەرەققىي قىلىش، شەھەرلىشىشكە قەدەم قويغان زامانلاردىن باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ.

ساماۋەرچى ئۇستىلىرى تەرىپىدىن دەملەنگەن چاي تولىمۇ تەملىك، تولىمۇ پۇراقلىق بولۇپ، كىشىنىڭ ئىچكەنسېرى ئىچكۈسى كېلىدۇ، ھەتتا بۇ خىل چاي كىشىنى خۇمار قىلىدىغان بولىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىر نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە ساماۋەرخانىلار ۋە بۇ ساماۋەرخانىلاردا داڭقى چىققان، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملاشقان چاي دەملەيدىغان ئۇستىلىرى بار.

مەسىلەن، قەشقەر شەھەر ئوردا ئالدىدىكى ئىشان ئاخۇن ساماۋەرخانىسى، مۇسابەگ ساماۋەرخانىسى، خام بازىرىدىكى تەۋەككۇل ئاخۇننىڭ ساماۋەرخانىسى، مىجىت قۇقاننىڭ ساماۋەرخانىسى، ئۆستەڭبويىدىكى مەترەيىم مۇنچاقنىڭ ساماۋەرخانىسى، قوناجىنىڭ ساماۋەرخانىسى، ئەنجان كوچىسىنىڭ ئاغزىدىكى مەتىمىن تۇپۇقنىڭ ساماۋەرخانىسى، كەسكىن يادىن ئابلەت ھاجىم ساماۋەرخانىسى، تۆشۈك دەرۋازىسىدىكى مەرەمخاننىڭ ساماۋەرخانىسى قاتارلىق ساماۋەرخانىلار مەشھۇر.

يەكەن شەھىرىدە يەكەن شەھىرىگە قوشنا قاغىلىق، پوسكام، مەكىت ناھىيەلىرىدىمۇ ئاتىدىن بالىغا مىراس قېلىپ، ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان ساماۋەرخانىلار ناھايىتى كۆپ. بۇ ساماۋەرخانىلار ئىچىدە يەكەن شەھەر ئىچى ھەدىگەلىكنىڭ يېنىدىكى ئابدۇكېرىم خاننىڭ ساماۋەرخانىسى (بۇ كىشى مۇقامچى، سازەندە ئىدى)، يەكەن مەدەنىيەت باغچىسىدىكى ئادىلجاننىڭ ساماۋەرخانىسى تولىمۇ مەشھۇردۇر.

يېڭىسار بازار ئىچى داشقاللىق كوچىسىدىكى قوناخۇنىڭ ساماۋەرخانىسى، مۇھەممەدخاننىڭ ساماۋەرخانىسى، بېدە بازىرىدىكى روزى خاننىڭ ساماۋەرخانىسىنىڭمۇ نامى بار. مەلۇم بىر مۇخبىرنىڭ يېزىشىچە، پەيزاۋاتنىڭ ناھىيە بازىرى ۋە يېزا بازارلىرى بولۇپ جەمئىي 51 يەردە ساماۋەرخانا بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزبېك قاسىمجاننىڭ ساماۋەرخانىسى، ھوشۇر ئاخۇننىڭ ساماۋەرخانىسى، ئابدۇراخمان ئاخۇننىڭ ساماۋەرخانىلىرى داڭلىق. ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى ساماۋەرخانىلاردا كۈندە 4000 ـ 5000 غىچە ئادەم (قېتىم) سودا بولىدۇ. بۇ چايخانىلاردا تېلېۋىزور قويۇلغان بولۇپ مەخسۇس كىنو فىلىمى ۋە ناخشا-مۇزىكىغا ئائىت فىلىملەر قوشۇلۇپ، كىشىلەرنى تېخىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

كۇچا، شايار، توقسۇ، باي قاتارلىق ناھىيەلەردىمۇ ساماۋەرخانىلار ناھايىتى كۆپ. كۇچا كونىشەھەر رەستە كوچىدا يۈسۈپ لوزول ۋە ساي بويىدا چولاق تۇڭگاننىڭ ئاشخانىسى (ساماۋەرخانىسى)، شايار ناھىيە بازىرىنىڭ

كۇچار كوچىسىدا قادىر سەرراپنىڭ ساماۋەرخانىسى، ئۇي بازاردا قايىم ئاخۇننىڭ ساماۋەرخانىسى مەشھۇر.

خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق خوتەن شەھىرى، قاراقاش، گۇما، لوپ، كېرىيە، چىرىيە، نىيە قاتارلىق ناھىيەلەرنىڭ ناھىيە بازىرىدا، بايىنغولىن ئوبلاستىغا قاراشلىق كورلا، لوپنۇر، چەرچەن، چاقىلىق، قاراشەھەر، خېجىڭ قاتارلىق ناھىيەلەرنىڭ ناھىيە بازارلىرىدا خۇددى باشقا قېرىنداش ۋىلايەتلەردىكىگە ئوخشاش مەشھۇر ساماۋەرخانىلار بولغان، ھازىرمۇ بار.

ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى نەنمېن، سەنشىخاڭزا، دۆڭكۆۋرۈك، يەنئەن كوچىسى قاتارلىق جايلارغا مەركەزلىك ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن ساماۋەرخانىلارنىمۇ شۇ ئاۋات كوچىغا مەركەزلەشكەن. ئەينى يىللاردا دۆڭكۆۋرۈكتە نەمەنگانلىق مەخسۇم ئاخۇننىڭ ساماۋەرخانىسى، نەنمېندا تۇرپانلىق باتۇر ئاخۇننىڭ ساماۋەرخانىسى، خېلىل ئاخۇننىڭ ساماۋەرخانىسى، ئەمەتجاننىڭ ساماۋەرخانىسى بولغان. ھازىر سەنشىخاڭزىدا ھەبىللا ئاخۇننىڭ ساماۋەرخانىسى، پەقىردىن ھىلاجىنىڭ ساماۋەرخانىسى، ئېلىنىڭ ساماۋەرخانىسى قاتارلىقلارنىڭ ساماۋەرخانىسى بولۇپ بۇ ئەتىگەندىن- كەچكىچە ئادەم ئۈزۈلمەيدىغان ئاۋات ساماۋەرخانىلاردۇر.

غۇلجا، چۆچەك، ئالتايغا قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەردە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكىدەك مەخسۇس يوپۇرماقلىق قارا چاي دەملەيدىغان ساماۋەرخانىلار كۆپ بولمىسىمۇ، شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ساماۋەرخانىلار بار. بۇ جايلاردا قارا چاينىڭ تەمنى ئاچچىق چىقىرىپ، سۈت-قايماق، تۇز بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئەتكەن چاي ئېتىپ ئىچىش ئادەتكە ئايلانغان. خۇددى ياخشى دەملەنگەن قارا چاي كىشىنى خۇمار قىلغاندەك ياخشى قىلغان ئەتكەن چايمۇ كىشىنى خۇمار قىلىدۇ، ھەتتا ئەتكەن چاي ئىچمىسە باش ئاغرىيدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جۇغراپىيەلىك مۇھىت، كلىماتقا قاراپ چايلارنى تاللاپ ئىچىدۇ. چايچىلىق تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى دەۋردە ھىندىستان، سەيلون، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ داڭلىق چايلىرىنى ئېچكەندىن باشقا، مەملىكىتىمىز بويىچە مەھسۇلات جەھەتتە قىزىل چاي، يېشىل چايدىن قالسا 3- ئورۇندا تۇرىدىغان قارا چاي، يەنى خىش چايىنى ئىچەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى يېڭى تېخنىكا ئاساسىدا «زەرەپشان قىزىل چېيى» قىزىل پەمىل چاي، پونۇس چېيى، سوغۇقلۇق چاي، خوتەن داۋايى يورۇشلۇك قۇۋۋەت چېيى، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش چېيى، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش چېيى، داۋايى مۆتىدىل چايلىقى، بۆلجۈرگەن چېيى، قىزىل چاي، ئەتىرگۈل چېيى، لىمون چېيى، تۇران قىزىل چېيى، قىزىلگۈل بەرگى چېيى، كىروران خۇمار چېيى، ئۇيغۇر تېبابەت چېيى، بۇغدا پەمىل چېيى، يادىكار گۈل چېيى، قاتارلىق يېڭى چايلارنى ئىجاد قىلىپ ئىچىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان، زامانىۋى تېخنىكا بويىچە ئىشلەپچىقارغان چېيى بولماسلىقىغا خاتىمە بەردى.

«شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىشكە ئادەتلەنگەن چېيى ۋە دەملەش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئىچىدىغان چاي ھەر خىل بولغانلىقتىن دەملەش ئۇسۇلىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ ۋە ئاقسۇنىڭ غەربىي ناھىيەلىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار قارا چاي ھەم ئۆزلىرىنىڭ مىجەزىگە باب كېلىدىغان چايلارنى دەملەپ ئىچىدۇ. بولۇپمۇ ياشانغان كىشىلەر ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش، ھاردۇق چىقىرىش، بەدەننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن قارا چاي بىلەن ناۋاتنى دەملەپ ئىچىدۇ».

يەنە بەزى كىشىلەر قارا چايغا قوۋزاق دارچىن، قۇرۇق زەنجىۋىل، پىل-پىل، مىخ دارچىن، ئاقمۇچ قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق مىقداردا سېلىپ دەملەپ ئىچىدۇ. ھەر خىل مىجەزدىكى كىشىلەر ئۆزلىرىگە باب كېلىدىغان رېتسېپ بويىچە ئىشلەنگەن يېڭى ئىجاد قىلىنغان چايلارنى دەملەپ ئىچىدۇ.

بۇ يۇرتلاردىكى چاي دەملەش ئۇستىلىرى (ساماۋەرچىلەر) چاينى مىس قازاندا قاينىتىپ، مىس چەينەكتە ياكى چىنە چەينەكتە دەملەيدۇ. يەنى چەينەككە چاينى سېلىپ مىس قازاندا قاينىغان قايناق سۇنى قۇيۇپ، چەينەكنى ئوچاق ئالدىدىكى ئوتتا ياكى پىلتىنىڭ ئۈستىدە قويىدۇ. بۇ ساماۋەرچىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «ئوت يېدۈرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. چەينەكتىكى چاي ۋىل-ۋىل بىر ئۆرلىگەندىن كېيىن چايدىن بىر خىل مەززىلىك پۇراق چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ساماۋەرچى دەرھال چەينەكنى ئوتتىن ئېلىپ، چاينى بىر سورۇۋېتىپ، خېرىدارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ. ساماۋەرچى چاينىڭ قايناۋېرىپ كېسىلىپ، غەيرىي پۇراق بېرىشىدىن بەك ئەندىشە قىلىدۇ. ساماۋەرچىنىڭ

سۆزى بويىچە ئېيتقاندا قايناۋېرىپ غەيرىي پۇراق، غەيرىي رەڭگە كىرىپ قالغان چاينى ئىچىشكە بولمايدۇ دەپ قارىلىدۇ.

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى كۇچا، شايار، توقسۇ، باي ناھىيەلىرى ھەم بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ كورلا، لوپنۇر، چەرچەن، چاقىلىق، قاراشەھەر، خېجىڭ ناھىيەلىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار چوڭ چىنىگە قارا چاينى ئۆز مىجەزىگە لايىق دورىلارنى سېلىپ، ئۇستىگە مىس قازاندا قاينىغان قايناق سۇنى قۇيۇپ، چىنىنىڭ ئۇستىگە تەخسە يېپىپ، بىر نەچچە مىنۇت قويۇپ قويىدۇ. چاينىڭ تەمى چىققاندىن كېيىن ئىچىدۇ. بۇ خام چاي دەپ ئاتىلىدۇ. چاينىڭ تەمى چىقىپ بولغۇچە قايناقسۇ قۇيۇپ ئىچىۋېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ رايوندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار قايماق چاينىمۇ كۆپ ئىچىدۇ. قايماق چاي تەييارلاشتا كۇچا، توقسۇ، شايار ناھىيەلىرىدىكى ساماۋەرچىلەرنىڭ داڭقى بار.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ساماۋەرخانىلىرىدا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مىجەزىگە قاراپ قارا چاي، سۈت چاي (ئەتكەن چاي)، ناۋات چاي ۋە بىر قىسىم دورىلىق چايلارنى دەملەپ ئىچىدۇ، چاي دەملەش ئۇسۇلى ۋە قەشقەر خەلقىنىڭ چاي دەملەش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ.

ئۈرۈمچىدىكى رېستوران ۋە بىر قىسىم تېز تاماقخانىلار ۋە شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىدە زەرەپشان قىزىل چېيى، قىزىلگۈل چېيى، ئەتىرگۈل چېيى، ھەر خىل يېشىل چاي قاتارلىق ئون نەچچە خىل چاينى دەملەپ ئىچىۋاتىدۇ.

ئەتكەن چاي ئىچىش غۇلجا، چۆچەك، ئالتايلاردا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىسى، ياخشى تەييارلانغان ئەتكەن چاي كىشىگە تولىمۇ ھۇزۇر ۋە كۈچ- قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ.

### 3. ئۇچتۇرپان ساماۋەرچىلىكى

ئۇچتۇرپان شىنجاڭدىكى قەدىمي شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا مەشھۇردۇر. بۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ ئۇزۇقلىنىش ئادىتى ئىچىدە چاي ئىچىش ئادىتى باشقا جايلاردىكى كىشىلەردىن ئۆزگىچىدۇر. ئۇچتۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئۆيدە ۋە توي- تۆكۈن، نەزىر- چىراغلاردا چاي ئىچكەندىن باشقا، ئۇچتۇرپاندىكى جايتاغ بورۇزلۇقى، توققۇز بۇلاق سەيلىسى، سوۋۇتقا سەيلىسى، قۇم بولۇڭ سەيلىسى (قۇمغا كۆمۈلۈشكە ئاساس قىلغان سەيلە) قاتارلىق سەيلىلەردە چاي ئىچىشكە ئادەتلەنگەن. ئۇچتۇرپاندا ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان سەيلىلەردە ئادەم ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، مەخسۇس داڭلىق ساماۋەرچىلەر ئاچقان چايخانىلاردا نەچچە يۈزلىگەن كىشىلەر ھەر خىل، ھەرياڭزا چايلارنى دەملەپ ئىچىپ ھۇزۇرلىنىدۇ. بۇ ساماۋەرلەردە داڭلىق قالۇنچىلار، داڭلىق مۇقامچىلار، داڭلىق ئۇسۇلچىلار ئۆزلىرىنىڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىپ چاي ئىچكەن كىشىلەرگە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ سېھرىي كۈچىنى تەشۋىق قىلىدۇ.

ئۇچتۇرپان جۇغراپىيەلىك ئورۇن جەھەتتىن ئاقسۇنىڭ غەربىي شىمالىي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، سۈيى مول، ھاۋاسى ياخشى، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا باب ناھىيە بولغانلىقتىن، بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىر قانچە مىڭ يىلدىن بۇيان دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇپ كەلدى ھەمدە بۇ ناھىيە سوۋېت، قىرغىزىستان بىلەن چېگراداش بولغىنى، غۇلجا بىلەن ئۇچتۇرپاننىڭ ئارىلىقىنىڭ ئانچە يىراق بولماسلىق تۈپەيلىدىن بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ چاي ئىچىش ئادىتىدە قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ چاي ئىچىش ئادىتى بىلەن غۇلجا ۋە قاراقول ئۇيغۇرلىرىنىڭ چاي ئىچىش ئادىتىنى قوبۇل قىلغان. ئۇچتۇرپانلىقلار قارا چاي ئىچىش بىلەن ئەتكەن چاي ئىچىشنى ئۆزىنىڭ كۆڭلۈك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئادەت قىلغان. بولۇپمۇ سۈتنىڭ كۆپ بولۇشى ئۇچتۇرپانلىقلاردا ئەتكەن چاي ئىچىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن، بۇ ئادەت ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

بۇ چايلارنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە ھىجرىيە 1307- يىلى، يەنى مىلادى 1887- يىلى ئۇچتۇرپان ناھىيە ئاچىتاغ يېزا ئويتۇر كەنتىدە ئۆتكەن شائىر تارىخچى موللا ئىبراھىم ئاخۇن ئۆزىنىڭ «شەجەرىل ئىرشات» دېگەن كىتابىدا تۆۋەندىكىچە نەزمىنى يېزىپ قالدۇرىدۇ:

بىر- بىرىگە ئۇرۇر مۇسۇفى ① بۇ چىنە بىرلە چاي،
بىر- بىرىگە ئەجەب ھەمراھ تۇرۇر بۇ چىنە بىرلە چاي.
بىرسى ئاشىق ئىرۇر، گويا بىرسى مەشۇق،
ئۇنىڭ چىرايى سېرىقلىقى، جىسمى قان بىرلە چاي.
تېپىشسا بىر- بىرى بىلەن تەرفە ② ئېچىلىپ گۈل- گۈل،
كى ئۆلچە مەنى قىلۇر گۈلستان جانان چىنسى بىرلە چاي.

ھەم ئۆي ئىگىسىگە، ھەم مېھمانغادۇر زىننەت.

چۇكۇرسە نەزمە ③ ئىچىگە ناگىهان بۇ چىنە بىرلە چاي.
شاھگۇپ ④ تۇرفىئى ⑤ مېھمان كۆڭلى خۇش بولغۇسدۇر،
كۆتەرسە مېھربانلىقتا بىر-بىرىگە بۇ چىنە بىرلە چاي.
جۇدا بولۇشسا پەسراق ھالتى بولۇر تېرە ⑥.
مۇساپىر ئۆلىپتىدۇر، ⑦ بى گۇمان بۇ چىنە بىرلە چاي.
نەيەردە بولسا بولار بولمىسۇن جۇدا يارەپ،
كى خانە تاقىيدە ⑧ قىلسۇن ھەر ماكاندا بۇ چىنە بىرلە چاي.
ئىشتىگلار بۇرادەر چىنە بىرلە چاي چۇپەتىن قىلاي تەرىپ،
بۇ ۋەجدىن كۆرە نۇر مېھرىبان بۇ چىنە بىرلە چاي.
بەندىسىگە ھەق ئىبەرگەن نېمىتى چەندان ئىرۇر،
جەمئىي نېمەتلەر ئىچىدە چاي گويىاكى جان ئېرۇر.
ھېچ ئىلاجىن تاپمىغان ئاغرىقغا دەرمان چاي ئىرۇر،
روھىغا قۇۋۋەت، جانىغا راھەت، جىسمىدا مېھربان ئىرۇر.
مۇقبۇل ⑨ ئولغان جەھەتتىن خاس زەي ⑩ ئەئىمىئى ئىشان ئىرۇر،
بارچە يارەنلەر ئەدەپلىك جەھەتتىن چەندان ئىرۇر.
چاينى قايناتقان كىشى پىردىن خەۋەردار ئولسا ⑪ خوپ،
سىدىت ئىخلاس بىرلە دەرۋىشكە ئولسا خوپ.
ھادىئى⑫ ستراتىل مۇستەقىم ئۆزرە ئىرۇر.
شېرىن ئەرمەس چايدىن نەقلى ناباد فەندۇر ھەسەل.
ئىچمىسە چاينى خۇمار، تارتىپ كىشى بولغاي كېسەل،
چاي ئىچىپ سىگگەن كىشىگە يەتمىگەي ھەرگىز خەلەل ⑬
بۇيرىغىن بولسا نېسىپ بولغاي بۇ چاي بىلەن ھەر مەھەل،
خەلقى يوقسۇللار ئارا شاھۇ-گاداي يەكسان ئىرۇر.
ھىجرى ئارا بۇ چاينى پەيدا قىلىپ بەردى خۇدا،
ئول سەۋەبتىن چاينىڭ تەرىپىنى ئېيتتىم ئىپتىدا.
مەيلى قىلدى دوست تۇتۇپ ئىچمەككە چاينى ئەۋلىيا.
ياكى مەشۇقنىڭ قولىدۇر، چاي ياكى ئايەت سىپا.
چاينى ئىچسە كىشى ئۆلكۈن ئەجەب سۇلتان ئىرۇر،
چاينىڭ مىسقالىغا مىڭ تەڭگە بەرسە ئەرزىمەس.
كەتسە دۇنيا چاي ئۇچۇن دەرۋىش ئۇنىڭدىن غەم يېمەس،
دۇنياغا چايدىن ئەزىز كۆرگەن كىشى دەرۋىش ئەمەس.
چاي تاپالماي تارتسا چاينىڭ خۇمارىنى سۆزلىمەس،
بىلمىگەن چاي قەدرىنى ئاقىل ئەمەس نادان ئىرۇر.
بۇرۇندىن بۇ چاينىڭ باردۇر تولا خاسىيىتى،
پەيىز ئىلە بولغاي پۇتۇگات ⑭ ئىچسە چاي ھەر سائىتى.
بەلكى كۆك چاينىڭ يەنە باردۇر ئاجايىپ ھالىتى،
دوستى ئىرۇر تەنگە شىپا، ئىچسە ئاجايىپ ئۆلپىتى.
باۋئى ئىشقى-مۇھەببەت نىشانئى سۇبھان ئىرۇر.
ئەھلى دەردلەرنىڭ غىزاسىدۇر بۇ چاي تاپماق كېرەك.

مۇندا چاي تېپىلمىسا چىن شەھرىگە چاپماق كېرەك،
چاي ئۇچۇن بازاردا مەن قول دەپ ئۆزىنى ساتماق كېرەك.
غەرىپقا توۋپىق ھىدايەت دەپ دۇئا قىلماق كېرەك،
ئىچكەن ئەلگە پەيزى رەھمەت، رەۋزەئى ⑮ رىزۋان ئىرۇر.
لەھلىدەك قاينىسا چاي جۇش ئۇرۇپ خۇش مۇھەببەتتۇر،
ھونۇر ئىچمەي تۇرۇپ كۆرسە نىچۇ كىم جانغا رەھەتتۇر.
رەپىقا ھەم ئىشق بىرلە جەمئى بولۇپ ئىچسە نىھۇرمەتتۇر،
كۆرەلمەي شۇم قەدەملەر بېشىغا يۈز ئانچە كۈلپەتتۇر.
ھۇزۇرى يارۇ-يارەنلەر ئىچرە بەختى تاج ئەيلەپ،
تىچ دۇر كىم بۇ چاي دىلكەشلەرنىڭ ⑯ ۋەسپىن ئەتكەيمەن.
جامال ئەكسىن كۆرەرلەر، ئەھلى دىل جاينى سابا ئەيلەپ.
بىزىڭدەك روسىيا ⑰ نىڭ ۋاختىدە چاي كىرگۈزۈپ بەردى.
ئىچەردە قىل تەسەۋۋۇر كىم مۇنىڭكى ئەسلىنى ئەردى،
گوياكى خاس ئۇچۇن كاپىر قولىدا ئىنتىزار ئەردى.
بۇنىڭكى تۇخۇمى ياشىش ئۇنىگەندە خۇش رەڭ بوزرار ئەردى،

ئىبەردى ئايرىلىپ فۇرقەتتە قالغان خۇمار ئەيلەپ.
تەئەججۇپتۇر بۇ چاينى، پۇلغا بەرمەكنى راۋا قىلسا،
يېتىشسە چاي خۇمارى دەپئى بولماسلار دەۋا قىلسا.
ئەجەبتۇر بىر سۇپەت نىئمەتكە يارەن جان پىدا قىلسا،
كۆڭۈلدە يا بەدەندە دەرد قالماس ئول داۋا بولسا.
ئىچىلىڭ بۇ چاينى ھەر لەھزە يۈز شۇكۇر سانا ئەيلەپ،
تامام نىئمەت ئىچىدىن چاينى ئىزدەپ بەردى بىزگە ھەق.
بۇ چاينىڭ رىشكىيدىن دۇشمەن، تۇتار ئالەم ئىلى مۇتلەق،
بۇ چاينى جانى كۆڭۈل بىرلە ئىزدەرلەر مۇھەببەت خەق.
ئىچىپ قالسا شىكايەت، كەينىدىن بىلگىل ئىنى ئەخمەق،
تىلەپ ئىچ ھەم بۇلاپ ئىچ، بەرمىسە ئول ماجىرا ئەيلەپ.
شىپالىق شەربىتى ئولدۇر كىم، ئەھلى مۇھەببەت ئىچرە چاي ئولسە،
نەچچە يارەن يىغىلىپ ئولتۇرۇرغە ياخشى چاي ئولسە.
بۇ چاي دىلكەشلىرىنىڭ ئۆزى نامەرد كۆڭلى يات ئۆلسە،
ئەجەب ئەرمەس بۇ رەڭ سۆھبەتلىرىدە رەھنىماي ⑱ ئولسە.
ۋېلى قىلسا دۇئا ئامىن دىلى سىرىق سانا ئەيلەپ،
رىپقا ئالەم ئەھلى بىزنى چاي ئاۋارىسى دەرلەر.
شىققىلەر ئەسلىنى بىلگەنلەر يار ئاۋارىسى دەرلەر،
بۇ پىر پەقەت دەشتىدە قالغانلارنىڭ غەم خانىسى دەرلەر.
ھىدايەت بۇرچىنىڭ پەيكەرگىھى ⑲ مەستانىسى دەرلەر،
بۇ رەڭنا كاملىغىدا چاينى بەردى كىم غىزا ئەيلەپ.
بۇ غۇربەت ئەھلىنىڭ ھەمراھى ھەم دوستانە چاي،
بۇ پىرقەت دەشتىنىڭ ھەيرانلىقىدا بوستانە چاي.

غېرىبلەر بىر ـ بىرىگە ۋەسلى ئۇلاردا ئاشنا چاي.
يېتىملەر ئەرزۇ ھالنى ئېيتىشتا مېھرىبان چاي.
يىتۇرگەن ھالىغا كۆڭۈللەر ۋىشنا ئەيلەپ،
بۇ چاي تالىپلىرىنىڭ روھى غالىپتۇر قىلىڭ ئىززەت.
تېپىپ چاينى مۇھەببەت ئەھلى بىرلە ئىچسە خوپ دۆۋلەت،
غېرىبلەر سۆھبىتى خۇشتۇر تۇتۇڭ ئەلۋەتتە سىز ئۇلپەت،
بىناگاھ كەلسلەر ئەدىنالىرى ⑳ جايىڭغا ئوت مىننەت.
كېلىپ ئىززەت ئاڭا بۇ جانىمان جاننى پىدا ئەيلەپ،
لەئىلدەك قايىنغان چايغا قۇيۇق قايماقنى قۇيغاندا.
بۇلۇت يەڭلىغ قازاندا ئاق ـ قىزىللىق مەۋج ئۇرغاندا،
قىزىلگۈلدەك ئىچىلۇر چاينى قۇيۇپ ئالدىغا قويغاندا.
يېتەر پەيزى ئىلاھىكىم مۇنىڭ ئەسلىنى تۇيغاندا،
ساقايماس دەردكە دەرمانلار مۇڭا شىپا دۇرا ئەيلەپ.
بۇ چاي شۈكرانىسىگە، بۇ تىلىم، لەبزىمنى گويا قىل،
ئەسىر دەردىكەش قىلمەنكى ھەق سىرىدىن ئاگاھ قىل.
كۆڭۈلدىن دەردى غەملەرنى ئېقىت، ھىجرىڭنى دەريا قىل،
كى ھىجران ئىنتىھاسىغا ㉑ بارىپ ۋەسلىڭنى شەيدا قىل،
نىيازىنىڭ مەن دېسەم قىلسا دۇئا ئامىن گۇۋا ئەيلەپ.

**خۇلاسە: چاينىڭ شىپالىق رولى**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيانقى چاي ئىستېمال قىلىش ئەمەلىيىتى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، چاينى داۋاملىق ئىچىپ بەرسە بەدەننىڭ ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، چاينىڭ ئاددىي رېتسېپ، مۇرەككەپ رېتسېپلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، دورا ئورنىدا ئىشلىتىلگەنلىكىنى بايقايمىز. ئۇيغۇر ھۆكۈمالىرى — تېۋىپلىرى چاي بىلەن نۇرغۇن ئىچكى كېسەل، تاشقى كېسەل، ئاياللار كېسلى، باللار كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالغان ۋە داۋالىغان، ھەتتا ھازىرمۇ داۋالىماقتا. نۇرغۇن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چولپانلىرىنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا چاي — ئادەمنىڭ تېز قېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغانلىقى، بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، ئۆمۈرنى ئۇزارتىش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئېلىمىزدىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر 500 پارچىدىن ئارتۇق قەدىمكى ئەسەر، كىتاب ـ ماتېرىياللارغا ئاساسەن چاينىڭ شىپالىق ئۈنۈمىنى تۆۋەندىكىچە يەكۈنلىگەن: چاي ئادەمنى روھلاندۇرىدۇ. سۈپەتلىك ياخشى چاينى ئوبدان دەملەپ، داۋاملىق ئىستېمال قىلىپ بەرسە، خىزمەت ۋە تۇرمۇشتىكى ھارغىنلىق ۋە مەلۇم كېسەللىك تۈپەيلىدىن كۆرۈلىدىغان باش، بەدەن ئېغىرلىشىپ تولا مۈگدەش، ئۇيقۇدىن باش كۆتۈرەلمەسلىك ھالىتىنى تۈگىتىپ، ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ. كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش، ئىسسىقنى قايتۇرۇش، ئاپتاپ ئۆتۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، زەھەر قايتۇرۇش، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش، مەستلىكنى يېيىش، ماينى كېسىش (پولۇ، گۆش قاتارلىق مايلىق تاماقنى يېگەندىن كېيىن ياخشى دەملەنگەن چاي ئىچسە، چاينىڭ ماينى كېسىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ) يەلنى ھەيدەش، سۈيدۈكنى راۋاجلاندۇرۇش، چوڭ تەرەتنى راۋان قىلىش، ھېق تۇتۇشنى توختىتىش، تولغاقنى توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش، چىشنى چىڭىتىش، ئاچلىقنى بېسىش، ئۆمۈرنى ئۇزارتىش رولىغا ئىگە. چاينىڭ يۇقىرىقىدەك شىپالىق رولى قارا چاينى دەملەپ ئىچىشتىلا ئەمەس، بەلكى كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ رېتسېپ ئاساسىدا ھەر خىل دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى چايلىق ئورنىدا دەملەپ ئىچىش بىلەن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن چاي ئىستېمال قىلغۇچى ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ مىجەزىگە قاراپ چاينى تاللاپ ئىچىش لازىم.

---

① مىراس ژۇرنىلى، 2006 ـ يىل، 4 ـ سان، 54 ـ بەت.

② مەمتىمىن سابىر: «ئۇيغۇرلارنىڭ چاي مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 2003 ـ يىلى، 3 ـ سان، 26 ـ ، 30 ـ بەتلەر.

ئىزاھات:

① مۇسۇفى — سوفىتى. ② تەرفە — غۇنچە. ③ نەزمە — يۇمشاق. ④ شاھگۇپ — پادىشاھ، سۆزلەش. ⑤ تۇرفىئى — نەزەر. ⑥ تىرە ـ قاپقارا. ⑦ ئۆلپىي — ئۇلپەتداش، سىرداش. ⑧ تاقىيە ـ سورۇننىڭ تۆرى. ⑨ مۇقبۇل — قوبۇل. ⑩ ئەئىمىئى — ئەما، قارىغۇ. ⑪ ئۇلسا — بولسا. ⑫ ھادىئى — يول باشلىغۇچى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى. ⑬ خەلەل — زىيان. ⑭ پۇتۇھات — شەھەرنى ئۇرۇش بىلەن ئېلىش. ⑮ رەۋزەئى ـ رىزۋان — جەننەت بېغىغا قارىغۇچى پەرىشتە. ⑯ ۋەسپىن — ئەسلي زاتى. ⑰ رۇسىيا — قارا يۈز، يۈزسىز. ⑱ رەھنىماي — يول كۆرسەتكۈچى. ⑲ پەيكارگاھ — جەڭ مەيدانى. ⑳ ئەدىناس — ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ پەس دەرىجىدە. ㉑ ئىنتىھا — ئاخىرى.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك 46 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# ئىسلام دىنىدىكى تىنچلىق يولى

تۇرسۇن ھېيتەم قارى

تىنچلىق، ھاياتلىق ۋە تەرەققىيات نۆۋەتتە ھەرقايسى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ئايلاندى. بۇنىڭ ئىچىدىكى تىنچلىق بولسا ھاياتلىق ۋە تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. پەقەت بىخەتەر، ئىشەنچلىك، ئۇزاق مەزگىللىك مۇقىم تىنچ مۇھىتتىلا ئىنسانىيەت تېخىمۇ ياخشى ياشىيالايدۇ ھەم تەرەققىي قىلالايدۇ. ئىسلام دىنى ئىنسانىيەت تىنچلىقىنى پائال تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن، تىنچلىق ئېڭى ئىسلام ئەقىدىلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كەتكەن، ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە: «ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم» (سۇرە «مائىدە» 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) يەنى ئاللاھتائالا ئېيتىدۇ: «ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزەرىدە مەقبۇل بولىدىغان دىن ئىسلام (دىنى)دۇر». (سۇرە «ئال ئىمران»، 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) بۇ ئىككى ئايەتتىن مەلۇمكى ئاللاھتائالا پەقەت ئىسلامنىلا مەقبۇل كۆرگەن ۋە ئۇنىڭدىن رازى بولغان، شۇڭا ئىسلام دېگەن ئەرەبچە سۆزنىڭ مەنىسى، ئىككى خىل مەنىدە بولىدۇ. بىرى، ئىتائەت قىلىش، يەنە بىرى، تىنچلىق دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مۇسلىم دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئىسلام دېگەن سۆز بىلەن مەنە جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ. يەنى ئىككى سۆزنىڭ يىلتىزى بىر دېسەكمۇ بولىدۇ. ئۇمۇ ئىتائەت قىلغۇچى ۋە تىنچلىقپەرۋەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى تىنچلىقتۇر، مۇسۇلمانلارنىڭ غايىسى تىنچلىقتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆمۈر بويى تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ كەلگەن. ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلىش جەريانىدا ئىسلام دىنى ئارقىلىق ھەرقايسى ئەرەب قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. خۇراپاتلىققا پاتقان، ئەخلاق ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان، ئۇرۇش ئۇزۇلمەيدىغان ئەرەب جەمئىيىتىنى بىرلىككە كەلتۈردى، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇردى. تىنچلىق ۋە تەرەققىيات دەۋرىگە ئېلىپ كىرگەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۇرە «ئەنبىيا» 107 ـ ئايەتتە: «مۇھەممەد سىزنى بۇ پۈتۈن ئەھلىجاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلغىلى ئەۋەتتۇق.» بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، ئاللاھتائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى رەسۇلۇللاھ (ئاللاھنىڭ ئەلچىسى) قىلىپ ئەۋەتىشتىكى مەقسىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۆز رەھمىتىنى ۋە شەپقىتىنى پۈتۈن دۇنياغا يەتكۈزۈش، يەنى پۈتۈن دۇنيا بويىچە تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى تەكىتلىشى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئىتتىپاق ئۆتۈشكە باشلاشتىن ئىبارەت. بەزىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن: «ئەلا قىممەت نەرسە نېمە؟» دەپ سورىغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «جىسمىڭ ۋە تىلىڭ بىلەن ئىنسانلارغا تىنچلىق ئېلىپ كېلىپ، كىشىنىڭ مېلىنى ۋە جېنىنى ئەمىن قىلغىنىڭدۇر، دەپ جاۋاب بەرگەن، يەنە: «ئىسلامدىكى ئەڭ ئاددىي ئەمەل نېمە؟» دەپ سورىغاندا، «باشقىلارغا تائام بەرگىنىڭ ياكى ناتونۇش كىشىلەرگە سالام بەرگىنىڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئىسلام دىنىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىدىن قارىغاندا، ئىسلام دىنى تىنچلىق دىنى، سەمىمىيلىك، ئىتتىپاقلىق ئىسلام دىنىنىڭ نېگىزلىك ئىدىيەسى ۋە ئاساسلىق ئالامەتلىرىنىڭ بىرى. ئىسلام دىنى ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىتتىپاقسىزلىقنى تۈگىتىپ، مىللەتلەر ئارا تەڭ باراۋەر، ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان ۋە يار ـ يۆلەك بولۇشىدىغان ئىجتىمائىي

چولۇ ئائىلە قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن. ئۇ ئىجـ
تىمائىي كوللېكتىپنىڭ مەلۇم ئورتاق غايىنى ئىشقا ئاشۇ-
رۇش يولىدا بىرلىشىشنى كۆرسىتىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۆزلە-
رىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش داۋامىدا
«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپكە ئەمەل قىلىپ، ئۇ-
نىڭدىكى نەسىھەت تەربىيەسى بويىچە ئىش كۆرۈپ، بىر
يۈرۈش مۇكەممەل بولغان ئىتتىپاقلىق نۇقتىئىنەزەرىنى
شەكىللەندۈرۈپ، ئىنسانلارغا بەخت ـ سائادەت يەتكۈ-
زۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى مۇكەممەل-
لەشتۈرۈشكە تىرىشقا كىرىشتى. ئاللاھتائالا سۈرە «ئال
ئىمران» 103 ـ ئايەتتە بىزگە شۇنداق تەۋسىيە قىلىدۇ:
«يەنى ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھ-
نىڭ دىنىغا) چىڭ ئېسىلىڭلار، ھەرگىز ئايرىماڭلار» ئاللاھ
يەنە: «ئى، ئىنسانلار سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر،
بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) ئىبارەت بىر ئاتا،
بىر ئانىدىن ياراتتۇق ۋە ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سى-
لەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق. ئەلۋەتتە ئۇ
ئاللاھ ھەممىمىزنى بىرلا جىنسلىق قىلىپ قويۇشقا قادىر-
تى يېتەتتى.» (سۈرە «ھۇجۇرات» 13 ـ ئايەت). دېمەك،
يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە زىچ ئىتتى-
پاق بولۇشقا ئىنسانلارنىڭ بىر يىلتىز ـ مەنبەلىك ئىكەنلى-
كى تارىخىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتتە ئىش تەقسىماتىنىڭ
بولغانلىقى سەۋەبلىك، تۈرلۈك مىللەت ۋە دۆلەت بولۇپ
شەكىللەنگەنلىكى، لېكىن بۇ ھەقتە ئالغا يۈكسىلىش
ئۈچۈن باشتىن ـ ئاخىر تىنچ بىللە ياشاپ، بىر ـ بىرىگە
ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلىشىپ كەلگەنلىكى چوڭقۇر يېشىپ
بېرىلگەن.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈش تەس ئەمەسكى، ئىسلام
دىنىنىڭ نۇقتىئىنەزەرى ئىككى نېگىزلىك مەزمۇننى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى ئىت-
تىپاقلىقى، يەنە بىرى مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا مىللەتلەر
بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقى، شۇنداقلا ئىسلام دىنى تەشەب-
بۇس قىلىدىغان ئىتتىپاقلىق ئىدىيەسى، مۇسۇلمانلارنىڭ
ئېسىل خىسلەتلىرى ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار-
نىڭ دىنىي تۇرمۇش ۋە دىنىي پائالىيەتلىرىدە يۇقىرى ـ
تۆۋەن، ئېگىز ـ پەس دېگەن پەرق بولمايدۇ. شۇڭا
ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىناق ۋە
دوستانە، بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە كۆيۈنىدى-
غان مۇناسىۋەت بولۇش كېرەك.

ئۆتكەنكى تارىخىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلاپ چۈ-
شەندۈرىدۇكى، ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىتتى-
پاقلىق ھەرگىز تار دائىرىلىك يوشۇرۇن ھالەتتىكى ئىتتى-
پاقلىق ئەمەس، بەلكى كەڭ دائىرىلىك، ھەر تەرەپلىمىلىك
ئىجتىمائىي تۇمۇشقا باغلانغان ئىتتىپاقلىق، ئۇزاق زامان-
لاردىن بۇيان دۆلىتىمىزدە كۆپ مىللەتلىك مۇھىتتا ياشاپ
كەلگەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، باشقا مىللەتلەر
بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، بىرلىكتە تەرەققىي
قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، ۋەتەن بىزنىڭ
ئانىمىز، ۋەتەن بىزنىڭ تەربىيەچىمىز، ئۇ بىزنىڭ بېشىمىز-
نى سىلاپ ئۆستۈرىدۇ، بىزگە ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىتىپ،
جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقاردى، بىز ۋەتىنى-
مىزدىكى بارلىق مىللەتلەر، ھەر ساھە ۋە ھەر كەسپتىكى
دىنىي زاتلار، مۇشۇنداق ئۇلۇغ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش ئۈچۈن بىزگە ئەڭ كېرەكلىكى، ئىتتىپاقلىق، ئىتتى-
پاقلىق، يەنە ئىتتىپاقلىق.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ياشاۋاتقان گۈزەل زېمىندا ھەر
مىللەت خەلقى خۇددى قان بىلەن گۆشتەك، بېلىق بىلەن
سۇدەك زىچ ئايرىلالماس دوستلۇق ئورنىتىپ، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقى مېلودىيەسىنى ياڭرىتىشىمىز كېرەك. مانا بۇ
ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىش مېلودىيەسى،
ئىتتىپاقلىق ھاياتلىقنىڭ تۈۋرۈكى، ئىتتىپاقلىق تەرەققىيات-
نىڭ كۆۋرۈكى. بىز ئەتراپىمىزغا نەزەر سالساق نۇرغۇنلى-
غان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقنىڭ ئىلغار نەمۇنىچىلىرىنى
كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرىمىز، ئۇلار ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن
مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ كىشىلەر قەلبىنى ئىللىتالايدىغانلىقىنى،
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبداش بولالايدىغانلىقىنى ئىسپات-
لاپ بەرمەكتە، شۇنداقلا ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش تەدبىرلە-
رىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى
مەقسەت قىلغان قۇرۇلۇشلارنىڭ باشلىنىشى، ھەر مىللەت
خەلق ئاممىسىنى ھەقىقىي نەپكە ئېرىشتۈردى.

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ يادروسىدۇر. ئائىلە تىنچ ـ ئىتتى-
پاق بولغاندا، جەمئىيەت تىنچ ـ ئىتتىپاق بولىدۇ، جەمئى-
يەت تىنچ ـ ئىتتىپاق بولغاندا، دۆلەت تەرەققىي قىلىدۇ.
شۇڭا بىز ھەرقانداق ئىشنى ئائىلىدىن، ئۆزىمىزدىن باشلى-
شىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. ياشلار بولسا دۆلەتنىڭ قۇرغۇ-
چىلىرى، دۆلەتنىڭ ئىزباسارى. ھەر بىر ئائىلە پەرزەنتىگە

بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن پەن - مەدەنىيەتكە يۈزلەندۈرۈپ، خۇراپاتلىق ئىدىيەلەرنىڭ ئىسكەنجىسىگە بوغۇپ قويماي، يېڭى دەۋرگە ماس ئاۋانگارتلاردىن قىلىپ چىقىشى تولىمۇ زۆرۈردۇر. مانا بۇ بۈگۈنكى دەۋرنىڭ تەلىپى ۋە بۈگۈنكى دۇنيانىڭ تەلىپى.

«قۇرئان كەرىم» سۈرە «تەھرىم» سۈرىسىنىڭ 5 - ئايىتىدە: «ئۆزۈڭلارنى ۋە ئائىلە، بالا - چاقاڭلارنى يامانلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىدىن توسۇپ، دوزاخ ئوتىدىن ساقلاڭلار» دەپ كۆرسەتكەن.

دېمەك، مۇشۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، پەننىي بىلىم بىلەن دىنىي بىلىمنى ئايرىپ قاراشقا بولمايدىغانلىق مەزمۇنى چىقىپ تۇرىدۇ ۋە يەنە ئاللاھتائالا سۈرە «بەقەرە»نىڭ 208 - ئايىتىدە: «ئەي، مۆمىنلەر، سىلەر ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملارنى تەرك قىلماڭلار» دېگەن. ئاللاھتائالانىڭ بۇ ئايەتتىكى تەلىمىدىن مەلۇمكى، تىنچلىقنى تەرغىب قىلىش، تىنچلىقنى سۆيۈش، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق تىنچلىقنى قوغداش ھەقىقىي مۇسۇلماننىڭ بەلگىسى! قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش، تىنچلىقنى بۇزۇش مۇسۇلمانچىلىقنىڭ يولى ئەمەس، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: «ئاغزى ۋە قولى ئارقىلىق ئىنسانلارغا زىيان سالمىغان كىشىلەر ھەقىقىي مۇسۇلماندۇر». باشقىلارنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە تەھدىت سالمىغان كىشىلەر چىن مۆمىندۇر. تىنچلىق ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي مەۋقەسى ۋە ئەڭ ئۇلۇغ غايىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسمى - جىسمىغا لايىق تىنچلىقپەرۋەر مۇسۇلمان بولۇشىمىز لازىم. ئىسلام دىنىنىڭ چىقىش نۇقتىسىمۇ تىنچلىق ئىدىيەسىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ ئىسلام دىنى ئارقىلىق جاراڭلىق، كەسكىن ھالدا ئىنسانىيەتكە شۇنداق دېگەن: «پۈتكۈل ئىنسانىيەت بىردەك باراۋەردۇر» يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن ۋە شۇنداق قىلغان. ئەينى زاماندىكى جاھىل ئەرەبلەرنى قەبىلىداشلاردەك ئۆيۈشتۇرۇپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئۆزئارا بىر - بىرىگە كۆيۈنىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش، شۇنداقلا ئەرەبلەر ئۆزئارا بىر - بىرىگە كۆيۈنىدىغان، يۇرتۋازلىق تار مەھكىمچىلىككە قارشى تۇرىدىغان، ئۆزئارا كەمسىتىش، ئۆچمەنلىشىش ئىدىيەسىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قول تۇتۇشۇپ بىللە ئالغا ئىلگىرىلەش پىرىنسىپىنى يولغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «كىمكى باشقا ئۈممەتلەرگە، يەنى غەيرىي (دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا) زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدىكەن، مەن شۇنىڭ دۈشمىنى بولىمەن» دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەقىقىي تىنچلىقپەرۋەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. بەزىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىسلامنىڭ ئەڭ ئېسىل يېرى نېمە؟ دەپ سورىغاندا، باشقىلارغا تائام بەرگىنىڭ تونۇش بولسۇن ياكى ناتونۇش بولسۇن، ئۇلارغا سالام بەرگىنىڭ، دەپ جاۋاب بەرگەن. بىز ئىشىنىمىزكى، ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىق تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن چوقۇم زور تۆھپىلەرنى قوشالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قولنى قولغا مەھكەم گىرەلەشتۈرۈش، تىنچلىق، باراۋەرلىك ئىزدەش تەك قەتئىي ئىرادە ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى ئەسىردىكى يېڭىچە تۇرمۇش سەھىپىسىنى ئاچايلى!

(ئاپتور: غۇلجا شەھىرى ئازات يولى 6 - كوچا 37 - قورۇدا)


# بىلدۈرگۈ

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2012 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017



# ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىكى كىشىلىك تۇرمۇشقا نەزەر

ئايشەمگۈل ئەنۋەر

ئىنسانىيەت دەۋرى شەكىللەنگەندىن تارتىپ تا بۈ-
گۈنگە قەدەر ئىنسانلار تارىخىنىڭ ھەر بىر بەت قۇرلىرىغا
ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇ-
قى ئۈستىدە ئىزدىنىش تـوغرىسىدىكى تـەپەككۇرلىرىنىڭ
ئىزناسىنى قالدۇرغان، بۇ تارىخى جەرياندا ئىنسانلاردى-
كى ھەقىقي ئەقىل - پاراستىنى زاھىر قىلىدىغان پەيلاسوپ-
لار مەيدانغا كەلدى. دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ
ئۇلارنىڭ نەزەرىيەۋى تەپەككۇرلىرىنىڭ ئىزچىللىقى ۋە
خاسلىقى ئىجتىمائىي رېئاللىق ئاساسىدا ئۆزئارا مۇجەس-
سەملىشىش شارائىتىغا ئىگە بولدى. ئىنسانلار پەيدا بولغان-
دىن تارتىپ بۈگۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزىنىڭ مەۋجۇت-
لۇقى ۋە قەيەردىن كەلگەنلىكى توغرىسىدا خىلمۇخىل مۇ-
رەككەپ، زىددىيەتلىك سوئاللارغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن
ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىزدىنىپ كەلدى. ئىنسانلار بۇ جەرياندا
دەسلەپكى ئىپتىدائىي تەپەككۇر ھالىتىدىن تەدرىجىي تە-
رەققىي قىلىپ «ئىنساني مەۋجۇتلۇقنىڭ مەنىسى ۋە ئەھ-
مىيىتى»، «ئىنسان ئەقىل - پاراستىنىڭ جەۋھىرى»،
«ئىنساني چىن گۈزەللىكنىڭ مەنىسى» قاتارلىق رېئال
مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان پەلسەپىنى
بارلىققا كەلتۈردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىنسانلار پەلسە-
پىدىن ئىبارەت تەپەككۇر خەزىنىسىنى ئاچىدىغان كۈچلۈك
قورالنى ئۆز مەۋجۇتلۇقى ۋە ئىزچىللىقىنى داۋاملاشتۇرۇش-
نىڭ بىر خىل يولى قىلىپ تاللىدى. پەلسەپە پەيدا بولغان-
دىن تارتىپ تا بۈگۈنگە قەدەر ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ ھەم
ئۆزگىرىپ كەلدى. شۇڭا پەلسەپىدىن ئىبارەت بۇ پەنگە
بېرىلگەن ئىزاھاتلار خىلمۇخىل بولۇپ كەلدى. پەيلاسوپ-
لار پەلسەپە ئۇقۇمىنى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دەۋر بىلەن يۇ-
غۇرۇپ ئىلمىي خۇلاسىلىدى. قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسىنىڭ

ۋەكىلى پىلاتون پەلسەپىنى «پەلسەپە ــ مەۋجۇداتلارنىڭ
ئەسلىي ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى مۇكەممەل سىستېمىسـ
نى تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۈنجى ئىختىراچىسىنى ئىگى۔
لەيدۇ، پەلسەپە بارلىق پەنلەرنىڭ شاھىنشاھلىق شەرىپىگە
نائىلدۇر» ① دەپ يىغىنچاقلىغانىدى. ئەلۋەتتە، بۇ خىل
پەلسەپە قارىشى پىلاتون ياشىغان دەۋرنىڭ تارىخىي ئارقا
كۆرۈنۈشىنى مەنبە قىلغان. فارابىنىڭ نەزەرىدە بولسا «ـ
پەلسەپە ــ ھەقىقەت توغرىسىدا ئىزدىنىدىغان ئىلىم،
ئادەم پەقەت پەلسەپىگە ئىخلاس قىلغاندىلا روھىنىڭ ساپ
ھالىتىگە يېتىكلى بولىدۇ. مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ ھەقىقىتى.
پەلسەپە بىر مىللەت، بىر دەۋر ئۈچۈن دەرۋازىنى ئاچالاي۔
دىغان ئاچقۇچ» دەپ قارىغان ②. شۇنداق دېيىشكە بو۔
لىدۇكى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيە۔
لىرىدىكى پەلسەپە ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنى چىقىش نۇق۔
تىسى قىلغان، شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت، ئىنسا۔
نىيەت ھەم ئىنسانىيەت تەپەككۇرىغا نىسبەتەن بىلىشى ۋە
بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرى پەلسەپىۋى مۇھاكىمىنىڭ ئەڭ
نېگىزلىك ئوبيېكتىغا ئايلانغان. پەيلاسوپلارنىڭ يۇقىرىق۔
دەك چۈشەنچىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە پەلسەپە تەلىماتلى۔
رىنىڭ پەيدا بولۇش، چوڭقۇرلىشىشىدىن شۇنى ئىلمي
خۇلاسىلەپ چىقىشقا بولىدۇكى: پەلسەپە ــ ئادەم بىلەن
تەبىئەت، ئادەم بىلەن جەمئىيەت، تەبىئەت بىلەن جەمئى۔
يەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىيىتى،
تۈپ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىش ۋە چۈشىنىش جەريانىدا
شەكىللەنگەن ئومۇمىي قاراشلار ۋە ئىنسان ئەقىل - پارا۔
ستى توغرىسىدىكى ئىلىم خەزىنىسى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ
نەچچە 1000 يىللىق تارىخىدا ئۆز مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز
ئۆزگەرتىپ ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈپ كەلدى. پەلسەپە ئىن۔
سانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە نىسبەتەن مەدەنىيەت رو۔
ھىنىڭ جەۋھىرىدۇر. پەلسەپە بىر تەرەپتىن ئىنسانلارنىڭ
تەپەككۇرى توغرىسىدىكى ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى ئەكس
ئەتتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىل
تەركىبلىرىگە سىڭىپ كىرىپ، ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان
مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات
جەريانىدا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، خىلمۇ۔
خىل مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق۔
نىڭ ئەقىل - پاراستى مۇجەسسەملەنگەن ئۇيغۇر خەلق
ماقال - تەمسىللىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. بىز ئۇيغۇر
خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن ناھايىتى قىممەتلىك بولغان
پەلسەپەۋى پىكىرلەرنى، ئىدىيەلەرنى ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر۔
نى ھېس قىلالايمىز. ئەلۋەتتە، بۇ پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى
ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش تەج۔
رىبىسى ۋە تەپەككۇرىنىڭ يىغىلىنىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى
بولمايدۇ.

ئىنسانلار ئۆز نۆۋىتىدە نۇرغۇنلىغان تارىخىي تە۔
رەققىيات جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈردى. ئاتا- بوۋىلىرى۔
مىز مانا مۇشۇ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا نۇرغۇنلىغان
قىممەتلىك ماددىي بايلىقلارنى يارىتىش بىلەن بىللە يەنە
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرى ئىچىدە خەلق ئىچىگە
كەڭ تارقالغان، خەلقىمىزنىڭ دۇنيانى بىلىش، چۈشىنىش
ھەم ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا چوڭقۇر پەلسەپىۋى
مەزمۇنغا ئىگە بولغان، ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇنلىغان
تۇرمۇش تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن ماقال- تەمسىللەرنى
بارلىققا كەلتۈردى. ماقال- تەمسىللەر قەدىمكى زاماندىن
تارتىپ خەلقنىڭ ئېسىل مەنىۋى بايلىقى سۈپىتىدە ئېغىز-
دىن- ئېغىزغا كۆچۈپ، ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا داۋاملىشىپ
كەلدى ۋە بېيىپ مۇكەممەللەشتى. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىجتى۔
مائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەسىگە چېتىلىدىغان بولغاچقا،
كىشىلەر كۈندىلىك ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدە ئۆز پىكرى۔
نىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئۆز مەقسىتىنى
دەل، توغرا، جايىدا ئىپادىلەش ئۈچۈن ماقال- تەمسىللەر-
دىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەلدى. ماقال- تەمسىللەر ئەم۔
گەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ- ئارمانلىرى، تۇرمۇش
تەجرىبىلىرى، ئىلىم- پەن، كەسىپ، ھۈنەرگە بولغان ئىنتى۔
لىشلىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسى، ئىنسانپەرۋەرلىك
خىسلىتى، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيۈش روھى قاتارلىق
چوڭقۇر مەنىلەر مۇجەسسەملەنگەن پەلسەپىۋى پىكىرلەر
ئارقىلىق، كىشىلەرگە ئىبرەتلىك ساۋاق، قىممەتلىك تەج۔
رىبە بېرىپ، ئۇلارنى ۋىجدان، ئادەمگەرچىلىك بىلەن يا۔
شاشقا، ئەمگەكچان، ئەقىل- پاراسەتلىك، چىدام- غەيرەت۔
لىك، ئىنساب- دىيانەتلىك، راستچىل كىشىلەردىن بولۇشقا
دەۋەت قىلدى. ئەمگەكچان، ئەقىل- پاراسەتلىك ئەجداد۔
لىرىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا

MIRAS

يولۇققان، ھېس قىلغان ھايات ھەقىقەتلىرىنى ئوبرازلىق،
قىسقا، ئىخچام، پاساھەتلىك سۆز - جۈملىلەر ئارقىلىق ئى-
پادىلىگەن بولۇپ، بۇلار كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات
جەريانلىرىدا ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ ۋە ئومۇملىشىپ
چوڭقۇر پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەر مۇجەسسەملەنگەن ماقال -
تەمسىللەرگە ئايلانغان.

ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي ئەمە-
لىيەت جەريانىدا بىلىمسىزلىكنىڭ، ھۈنەرسىزلىكنىڭ دەردى-
نى كۆپ تارتقان، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بىلىملىك
بىلەن بىلىمسىزلىكنىڭ پەرقىنىڭ زور بولىدىغانلىقىنى، بى-
لىمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدى-
غان رولىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىلىملىك-
لەر ئەتىۋارلىنىپ بىلىمسىزلەرنىڭ خارلىنىدىغانلىقىنى، بىلىم
ئىگىلەش، ھۈنەر - ھېكمەت ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى
چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ۋە بۇ ھەقتە ئۆزلىرى چۈشەن-
گەن، ھېس قىلغان، دىداكتىك ۋە پەلسەپىۋىلىككە ئىگە
بولغان مۇھىم ئىدىيە، كۆز قاراشلارنى شەكلى ئاددىي،
قىسقا، ئىخچام، ئوبرازلىق، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك،
ئاسان ئەستە ساقلىنىدىغان، تارقىلىشچانلىقى كۈچلۈك
بولغان ماقال - تەمسىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ، كېيىنكى
ئەۋلادلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى، پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئەۋ-
لادتىن - ئەۋلادقا تارقاتقان. مەسىلەن، « بىلىملىك نۇرلى-
نار، بىلىمسىز خورلىنار»، «بىلىملىك ئوزار، بىلىمسىز
توزار» قاتارلىق ماقالىلەردە بىلىملىك كىشىلەر بىلەن بى-
لىمسىز كىشىلەر سېلىشتۇرۇلۇپ بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ھەر
قاچان ئەتىۋارلىنىپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغانلىقى، بى-
لىمسىز كىشىلەرنىڭ بولسا باشقىلارنىڭ نەزەرىگىمۇ ئىلىن-
ماي خورلىنىپ قالىدىغانلىقىدەك مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈ-
لۈپ، كىشىلەرنى بىلىم ئىگىلەشكە دەۋەت قىلغان. يەنە
مەسىلەن، «بىلىم ئالمىغان ياش، تام تۈۋىدىكى تاش»
دېگەن ماقالىدە بىلىم ئالمىغان كىشىنىڭ كېرەكسىز نەرسە-
گە ئوخشاش ھېچقانداق قىممىتى بولمايدىغانلىقى، «بىلى-
كى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر، بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى»،
«بىلىم كۆندە كېرەك، چىراغ تۈندە»، «ئەر كىشىگە
يەتمىش تۈرلۈك ھۈنەر ئاز»، «ھۈنەر قىلساڭ ئۈنەر-
سەن، ئوڭدا ياتساڭ ئۆلەرسەن» قاتارلىقلاردا بولسا
بىلىم، ھۈنەر - ھېكمەت ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىشتەك پەل-
سەپىۋى كۆز قاراش ئىپادىلەنگەن. ھەم ئىلىم - مەرىپەت-
نىڭ ئىنسان ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلى-
قى، بىلىملىك، ھۈنەرلىك كىشىنىڭ ھامان ئۆز قىممىتىنى
تاپىدىغانلىقىدەك نۇقتىئىنەزەر كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

ۋەتەنپەرۋەرلىك — ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيەسىنىڭ
مۇھىم تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئۇيغۇر خەلق
ماقال - تەمسىللىرىدە خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئەل -
ۋەتەننى سۆيگەن، ئەل - ۋەتەن ئۈچۈن تەر تۆككەن،
جان بەرگەن مەردۇمەردانە كىشىلەرنى ئاۋام خەلق ھىمايە
قىلىدۇ. ئەكسىچە بولغانلارنى خەلق تۈزكور، مۇناپىق
دەپ تىللايدۇ. ئالدىنقىلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن يادلىنىپ،
مەدھىيەلىنىپ كەلسە، كېيىنكىلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن
نەپرەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ خىل ئىدىيە، كۆزقاراش-
لار ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە گەۋدىلىك ئىپادى-
لىنىدۇ. مەسىلەن، «ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى
روھىڭ سامان بولماس» دېگەن ماقالىدە ئايرىم
شەخسنىڭ خاتىرجەملىكىنىڭ بىۋاستە ھالدا ئەل - يۇرتنىڭ
تىنچ - ئامانلىقى، ئاسايىشلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكى ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن. «ئەل ئۈچۈن چەكسەڭ جاپا، ئەل سېنى
قىلماس خاپا»، «ئاناڭنىڭ بالىسى بولغۇچە ئەلنىڭ بالىسى
بول» دېگەن ماقال - تەمسىللەردە بولسا ئەل ئۈچۈن
بارلىقىنى بېغىشلىغان، ئەلگە كۆيگەن كىشىنى ئەل - يۇرت-
نىڭمۇ ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى، ئەجرىگە لايىق تۆھپە بېرى-
دىغانلىقى، ۋەتەننىڭ ئانىدىنمۇ ئۇلۇغلۇقىدەك پەلسەپىۋى
مەزمۇن نامايان قىلىنغان.

كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۆزئارا ئالاقە قىلغاندا،
بىر - بىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغاندا تىلدىن ئايرىلال-
مايدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى كىشىلەرنى
گەپ - سۆزگە دىققەت قىلىش، تىلنى توغرا ئىشلىتىش،
سورۇنغا، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ سۆزلەش، سۆزنى ئاز،
مېغىزلىق، ئىخچام قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە كىشىلەرگە
قانداق سۆز كېرەكلىكنى تېپىپ سۆزلەش، سۆزلەش ئۇ-
سۇلىغا ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم تەر-
بىيەگە ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن، «ياخشى سۆز تاشنى يارار،
يامان سۆز باشنى» دېگەن ماقالىدە كىشىلەرگە سىلىق -
سىپايە مۇئامىلە قىلىش، ياخشى سۆزلەرنى قىلىش، يامان
سۆزلەرنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش، «كەنجى كېۋەزنىڭ

غوزىسى يوق، تولا گەپنىڭ مەززىسى» دېگەن ماقالىدە بولسا كىشىلەرنى جىق گەپ قىلماسلىققا، تولا سۆزلەپ باشقىلارنى زېرىكتۈرمەسلىككە، گەپنى ئىخچام، مېغىزلىق قىلىشقا ئۈندىگەن بولسا «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە». «ئاغزىغا كەلگەننى دېيىش نادانىنىڭ ئىشى، ئالدىغا كەلگەننى يېيىش ھايۋاننىڭ ئىشى»، «سۆزنى سەپ سىگەر يەرگە، گەپنى قىل سىغار يەرگە»... قاتارلىقلاردا بولسا كىشىلەرنى ئويلاپ سۆزلەشكە، سۆزنى جايىدا، ئورۇنلۇق قىلىشتەك پەلسەپىۋى ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى كىشىلەرنى ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈشكە يېتەكلەپ، دوست تۇتۇشقا ماھىر بولۇش، دوستقا ۋاپادار بولۇش، دوستلۇق ئەخلاقىغا رىئايە قىلىش، ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتۈش تەربىيەسىنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان. ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىناقلىق - ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى، كۆزقاراشلىرى، تەشەببۇسلىرى ۋە پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى بەزى ماقال - تەمسىللەرگە يىغىنچاقلىغان بولۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ھېكمەتلىك سۆز - جۈملىلەرنى قالدۇرغان. دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق ئىپادىلەنگەن بۇ خىل ماقال - تەمسىللەر ئارقىلىق بىز ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇھىملىقىنى، ھەقىقىي دوستلۇقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، چىن دوستنىڭ نېمە بىلەن سىنىلىدىغانلىقى، دوست تۇتۇشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە قىممەتلىك پەلسەپىۋى بىلىملەرگە ئىگە بولىمىز. مەسىلەن، «بىرلىك بولماي، تىرىكلىك بولماس»، «ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە» دېگەن ماقال - تەمسىللەردە ئىناقلىقنىڭ خاسىيىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتى نامايان قىلىنىپ، كىشىلەرنى ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈشكە دالالەت قىلغان. «جان دوستۇڭ جېنىدىن كېچەر، مال دوستۇڭ مېلىدىن كەچمەس» دېگەن ماقالىدە جان دوست بىلەن مال دوست سېلىشتۇرۇلۇپ ھەقىقىي، چىن دوستنىڭ دوستى ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغانلىقى، ساختا، ۋاپاسىز دوستنىڭ بولسا ئازراق مېلىدىنمۇ كېچىشكە چىدىمايدىغانلىقىدەك پەلسەپىۋى پىكىر مەزمۇن قىلىنىپ، كىشىلەرنى ھەقىقىي، سادىق، چىن دوستلاردىن بولۇشقا، دوستقا چىن، سەممىي مۇئامىلە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى نامايان قىلىپ بەرگەن.

ئەجدادلىرىمىز ئەزەلدىنلا ئەدەپ - ئەخلاققا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. خەلقىمىزنىڭ مول تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى يەنە كىشىلەرنى ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇشقا، يۈز - ئابرۇيىنى، ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداشتا، ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش تەربىيەسىگە ئىگە قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، «ئالتۇن يىتسە تېپىلار، ئابرۇي يىتسە تېپىلماس» دېگەن ماقالىدە ئالتۇن بىلەن ئابرۇي سېلىشتۇرۇلۇپ ئابرۇينىڭ ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكى، ئابرۇينى ساقلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «ئالىم بولۇشتىن ئادەم بولۇش قىيىن»، «يۈزۈڭ ئاق بولغۇچە، دىلىڭ ئاق بولسۇن»... قاتارلىقلاردا كىشىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، ئابرۇيىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى، قەلب گۈزەللىكىنىڭ چىراي گۈزەللىكىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئىچكى سەۋەبنىڭ تاشقى سەۋەب ئۆزگىرىشىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكى ماھىيەتلىك بايان قىلىنغان.

ئادەمنىڭ گۈزەللىكىنى توغرا تونۇش مەسىلىسىدە ئەجدادلىرىمىز ئادەمنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىنى، ئىجتىمائىي گۈزەللىكى ۋە ئىچكى گۈزەللىك مەسىلىلىرىنى تېپىك مىساللار، چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىك جاۋابلار ئارقىلىق، ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا گۈزەللىكنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە مۇئەييەن مۇھىت، شەرت - شارائىت بىلەن زىچ ماسلىشىش، ئۆزئارا بىر - بىرىنى تولۇقلىشى لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى كىشىلەرنى گۈزەللىك تەربىيەسىگە ئىگە قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىك چۈشەنچىسى، كۆزقارىشى، گۈزەللىكنىڭ ھەقىقىي مەنىسى نېمە بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى چۈشەنچە، كۆزقاراشلىرىنى بەزى ماقال - تەمسىل ئارقىلىق مۇئەييەن دەرىجىدە ئىپادىلەپ بەرگەن. مەسىلەن، «ئەدەپلىك ئەلنى گۈل قىلىدۇ، ئەدەپسىز ئەلنى كۈل قىلىدۇ» دېگەن ماقالىدە ئەدەپلىك كىشى بىلەن ئەدەپسىز كىشى سېلىشتۇرۇلۇپ ئەدەپلىك كىشىلەرنىڭ ئەل - يۇرتنىڭ تاجى ئىكەنلىكى، ئەدەپسىز كىشىلەرنىڭ بولسا ئەل - يۇرتنىڭ ئابرۇيىنى، يۈزىنى تۆكىدىغانلىقى مەزمۇن قىلىنغان. مەسىلەن، «گۈزەللىك يۈزدە ئەمەس، سۆزدە» دېگەن ماقالىدە كىشى گۈزەللىكىنىڭ چىراي بىلەن

ئەمەس، بەلكى گەپ ـ سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن مەزمۇن قىلىنىپ، كىشىلەرنى گۈزەل سۆزلۈك بولۇشقا تەۋسىيە قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئەدەپلىك بولاي دېسەڭ، ئەدەپسىزدىن ئىبرەت ئال»، «چىرايىغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولماس»... قاتارلىقلاردا گۈزەللىكنىڭ ھەقىقىي مەنىسى، گۈزەللىكنى قانداق چۈشىنىش كېرەكلىكى ھەققىدە بىزنى قىممەتلىك پەلسەپىۋى پىكىر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىنساننىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى ئىنسان ئىجتىمائىي گۈزەللىكىنىڭ ئاساسى. ئىجتىمائىي گۈزەللىك، تەبىئىي گۈزەللىكنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى. چۈنكى، تەبىئىي گۈزەللىك ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىنلا ئۆزىدە بار بولغان، ئىچكى گۈزەللىك بولسا، ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىش، چۈشىنىش ۋە ئۆزگەرتىش داۋامىدا شەكىللەنگەن بارلىق گۈزەللىكلەرنىڭ ئاساسىدۇر.

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە كىشىلەرنى ئۇلۇغ ئارزۇلارغا، يۈكسەك غايە، ئىستەكلەرگە، ئۈمىدۋار بولۇش تەربىيەسىگە ئىگە قىلىشتەك پەلسەپىۋى پىكىرلەر يۇغۇرۇلغان بولۇپ، ئىنسان ئۇچۇن غايە، نىشاننىڭ خۇددى سۇ بىلەن ھاۋادەكلا مۇھىم ئىكەنلىكى، كىشى ياشىغانىكەن چوقۇم نىشان، غايە بولۇشى لازىملىقى، غايىسىز، نىشانسىز تۇرمۇشنىڭ يەلكەنسىز كېمىگە ئوخشايدىغانلىقىدەك چوڭقۇر مەزمۇنلۇق پىكىرلەر، خەلقىمىز ئارىسىدىكى بەزى ماقال ـ تەمسىللەردە مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن، «دەريا دولقۇنسىز بولماس، ئادەم نىشانسىز بولماس» دېگەن ماقالدە ئادەمنىڭ ھەر بىر قەدىمىنىڭ نىشانلىق، مەقسەتلىك بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى، كىشىنى نىشانسىز، غايىسىز يۈرمەسلىككە، ھاياتتىكى ھەر بىر قەدەمنى مەلۇم بىر نىشان، مەقسەت بويىچە ئېلىشقا ھەم ھاياتتىكى ھەر بىر قەدىمىمىزنىڭ ھەر ۋاقىت ئۇتۇقلۇق بولۇپ كەتمەيدىغانلىقى، بۇنىڭ خۇددى دولقۇنسىز دەريا بولمىغاندەكلا ئىش ئىكەنلىكى، ھاياتتىكى ھەر بىر نىشانىمىز، ئارزۇ، غايىمىز ئۈچۈن تىرىشىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

ھايات ئىنسانغا پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ، ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە باغلىق. ھاياتنى قەدىرلەپ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتقان، ھاياتنى يېڭى ـ يېڭى مەنىلەرگە تولدۇرغان، ۋاقىتنى ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك، كۆڭلى خۇشال، توق تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا كىشىلەرنىڭ ھاياتى خار ـ زەبۇنلۇقتا ئۆتىدۇ. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، شۇنداقلا پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە تويۇنغان قىممەتلىك ھېكمەتلەر ئارقىلىق كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى كىشىلەرگە ھايات ھەقىقەتلىرىنى تونۇتۇش، ۋاقىتنى قەدىرلەش، ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلدۇرۇش جەھەتتە ئۆزگىچە قىممەتكە ۋە پەلسەپىۋى مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، بۇ خىل ئىدىيە بەزى ماقال ـ تەمسىللەردە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «بۇ دۇنيا كەپتەرخانا، بىرى ئۇچسا بىرى قونار» دېگەن ماقالدە بۇ ھاياتنىڭ ھېچكىمگە مەڭگۈلۈك باقىۋەندە ئەمەسلىكى، ھېچكىمنىڭ بۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك قالمايدىغانلىقىدەك ھەقىقەت يورۇتۇپ بېرىلگەن. «كۆن ئۆرلىسە سايەڭ قىسقىرار، يىل ئۆرۈلسە ئۆمرۈڭ» دېگەن ماقالدە كىشى ئۆمرىنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ قىسقىراپ، خوراپ ماڭىدىغانلىقى، ۋاقىتنى، ھاياتنى قەدىرلەشنىڭ مۇھىملىقىدەك پىكىر ئەكس ئەتتەكەن.

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى كىشىلەرنى ياخشىلىققا ئۈندەش، يامانلىقتىن يىراق تۇرۇش، ياخشى كىشىلەر بىلەن پىكىرداش بولۇش، يامان كىشىلەرگە يېقىن يولىماسلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىمۇ ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. ئەگەر ئىنسان ئۆز خەيرخاھلىقى ئارقىلىق باشقىلارنى خۇشاللىققا، بەختكە ئېرىشتۈرەلىسە، ئۇ ھالدا ئۇ ھەقىقىي كامالەتكە ئېرىشىدۇ ھەم ھەقىقىي بەختتىن شادلىنىدۇ، گەرچە ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم سەزمىگەن تەقدىردىمۇ، بۇ قىسقىغىنە ھاياتتا باشقىلارغا ياردەم قىلىپ، خالىس نىيەتتە ياخشىلىق قىلغان كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ھەرقاچان يورۇق تۇرىدۇ. ئەكسىچە خىلدىكى كىشىلەر ئازراقلا مەنپەئەت تۈپەيلى باشقىلارغا يامانلىق قىلغان بىلەن باشقىلاردىن نەپرەت، قارغىش ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنداقلارنىڭ كۆڭلى تۇمان بىلەن تولغان بولۇپ تۇرمۇشى قاراڭغۇلۇق

ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە بۇ
خىل پەلسەپۋى كۆز قاراشلار مۇئەييەن دەرىجىدە ئىپا-
دىلەنگەن. مەسىلەن، «كىشىگە قىلساڭ يامانلىق، تاپالماي-
سەن ئامانلىق» دېگەن ماقالدە باشقىلارغا يامانلىق
قىلغان كىشىنىڭ خاتىرجەم بولمايدىغانلىقى، ئۆزىنىڭمۇ
ئامان قالمايدىغانلىقى، بۇ دۇنيانىڭ ئۆتنە جاھان ئىكەنلى-
كى، ھېچكىمنىڭ ھېچكىمدە قالمايدىغانلىقى، شۇنىڭ
ئۈچۈن باشقىلارغا قەتئىي يامانلىق قىلىش نىيىتىدە بول-
ماسلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. «تاغدەك ئالتۇن بىر ياخ-
شىلىققا ئەرزىمەس» دېگەن ماقالدە ئالتۇنىڭمۇ ھامان
خوراپ تۈگەيدىغانلىقى، ياخشىلىقنىڭ بولسا بىر ئۆمۈر
ئۇنتۇلماي يادلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، ياخشىلىقنىڭ تاغدەك
ئالتۇندىنمۇ ئەھمىيەتلىك ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن. يەنە «ياخشىلىققا يامانلىق قىلساڭ ئامىتىڭ
قاچار، يامانلىققا ياخشىلىق قىلساڭ ھۆرمىتىڭ ئاشار»،
«ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشى، يامانلىققا
ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشى»... قاتارلىقلاردا ياخشىلىق
بىلەن يامانلىق روشەن سېلىشتۇرما قىلىنىپ، كىشىلەرنى
ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى پەرقلەندۈرۈپ، ھەق ـ نا-
ھەقنى ئايرىپ ياشاشقا دەۋەت قىلغان. ئومۇمەن ئېيتقان-
دا يۇقىرىدا ياخشى بىلەن يامان، ھەقىقەت بىلەن سەپسە-
تە قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىك مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئىپا-
دىلىنىدۇ.

بىز يۇقىرىقىدەك ماقال ـ تەمسىللەرنى تەھلىل
قىلىش ۋە ئەمەلىي باھا بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىشلە-
تىش قىممىتى، شەرت ـ شارائىتىنى ئېنىق، توغرا تونۇش-
مىز لازىم، شۇ چاغدىلا «شاكىلىنى چىقىرىپ، مېغىزىنى
ئېلىش»، «قەدىمكىنى بۈگۈنكىسى ئۈچۈن خىزمەت قىل-
دۇرۇش» ئۇسۇلىنى جانلىق، ئەمەلىي ئىشلىتەلەيمىز.
دۇنيا ماددىي دۇنيا، ئۇنى تونۇش ــ ئىنسانلارنىڭ ئالىي
پائالىيىتىگە باغلىق. شۇنى يىغىپچاقلاشقا بولىدۇكى، تارىخ
ــ ئەينەك، ماقال ـ تەمسىللەر ئەنە شۇ تارىخنىڭ قىممەت-
لىك جەۋھىرىدۇر. ماقال ـ تەمسىللەرگە ھەرقايسى
دەۋرنىڭ روشەن سىنىپى، ئىجتىمائىي تامغىسىنىڭ ئىزناسى
قالدۇرۇلغان بولغاچقا، كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي پۇراق
ھەم روشەن سىنىپىلىققا ئىگە. شۇ سەۋەبتىن، ماقال ـ تەم-
سىللەرگە بىرىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش نەزەرىيەسى بويىچە
قاراش كېرەك. ماقال ـ تەمسىل خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك
ئېسىل خەزىنىلىرىنىڭ بىرى. مانا مۇشۇ خىلدىكى ئېسىل
خەزىنىلەرنىڭ رولىنى داۋاملىق تەھلىل قىلىش ۋە تەتقىق
قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، بۈگۈنكى كۈندە خەلقنىڭ پەن ـ مە-
دەنىيەت سەۋىيەسى ۋە ئىدىيە، ئەخلاق سۈپىتىنى يۇقىرى
كۆتۈرۈشنىڭ مەنىۋى قورالى قىلىشىمىز لازىم.

قىسقىسى، ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيەت خەزىنىسىدى-
كى بىباھا گۆھەر بولغان ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى-
دە ھايات ھەقىقەتلىرى ھەققىدىكى تولىمۇ قەدىمىي ھەم
مەڭگۈ قىممىتىنى يوقاتمايدىغان پەلسەپۋى قاراشلار ئوت-
تۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كې-
يىنمۇ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور. ھازىرمۇ ۋە
كەلگۈسىدىمۇ خەلقىمىز تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغۇ-
سى.


ئىزاھات:

① مۇسا موساۋى: «ئەرەب تىلىدا يېزىلغان پەلسەپە»، ئۈر-
ۈمچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001-يىل نەشرى.

② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسە-
پە سىستېمىسى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-
يىل نەشرى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى (7-قىسىم)،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، مىللەتلەر نەشرىياتى، (2005-يىل 9-
ئاي نەشرى).

2. ئوسمان ئىسمائىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيا-
تى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى)،
2009-يىل 9-ئاي نەشرى.

3. مۇھەممەدئىمىن ئوبۇلقاسىم: «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەم-
سىللىرىنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى توغرىسىدا»، (خوتەن پېداگوگ-
كا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى)، 2002-يىل 4-سان.

4. فارابى (تەرجىمە قىلغۇچى: ھۆرمەتجان فىكرەت، جاپپار
ئەمەت) «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە
نەشرىياتى، 2006-يىل 9-ئاي 1-نەشرى.

5. جامېس ئاللېن (ئەنگلىيە)، تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇۋايىت
قاسىم «تەپەككۇر مەنزىللىرى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو
سۈرەت نەشرىياتى، 2010-يىل 10-ئاي 1-نەشرى.


(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تىل-ئەدەبىيات
فاكۇلتېتى 2012-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

# تېرەك ئاۋاتلىقلارنىڭ ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئۇسۇلى



**مۇھەممەد توختى**

تېرەكئاۋات كەلپىن ناھىيەسى يۇرچى يېزىسىغا تەۋە
بولۇپ، ناھىيە بىلەن بولغان ئارىلىقى 40 كىلومېتىر كېلى-
دۇ. ناھىيەنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان تاغلىق كەنت.
تېرەكئاۋات خەلقى بۇلاق ۋە ئېقىن بويلىرىنى ماكان
قىلغان بولۇپ، سەرەم، توڭگۈزبۇرۇن، ھەرەمجان، تې-
رەكئاۋات، قورام، دۆنە قاتارلىق مەھەللىلەرگە تارقاق
جايلاشقان بولۇپ، بۇ كەنتكە ھازىرغىچە توك يەتكۈزۈل-
مىگەن بولغاچقا، كەنتتە ھازىرقى زامانىۋى تۇرمۇشنىڭ
ئىزلىرى كەم ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە ھەتتا تېلېفونمۇ ئىشلى-
مەيدىغان بولغاچقا، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىمۇ تازا
راۋان ئەمەس. شۇنداقتىمۇ تېرەكئاۋاتلىقلار بۇ خىل ناچار
مۇھىتقا باش ئەگمەي نەچچە ئون يىللاردىن بېرى مۇشۇ
تاغلار ئارىسىدا تىرىكچىلىك قىلىپ كەلمەكتە. تېرەكئاۋات
خەلقى قەدىمدىن تارتىپ چارۋىچىلىق، قوشۇمچە دېھقانچى-
لىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بولغاچقا ئۇزاق يىللىق كۆ-
زىتىش ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، ھاۋارايىدىن
مەلۇمات بېرىشنىڭ پەسىللىك، ئايلىق، كۈنلۈك ئۇسۇللىرى-
نى يەكۈنلەپ چىققان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاۋارايى
مەلۇماتىنى، مېتورولوگىيە ئىستانسىلىرى تارقاتقان مەلۇمات-
لاردىنمۇ ئىشەنچلىك ھەم توغرا دەپ قارايدىكەن.

تۆۋەندىكىلەر مەن، تېرەكئاۋاتتىكى ئابدۇخالىق
مەممەتزايىت (چوقۇر)، ئابدۇقادىر ئابدۇرەھىم (جۇمباش)،
ماكىلەك بەردىباي (قىرغىز)، ئىسامۇدۇن تۇرسۇن (بوقا)،
مامۇت ئىسمائىل (تۆرۈك) قاتارلىق پېشقەدەملەردىن ئۆ-
گىنىلگەن تېرەكئاۋاتلىقلارنىڭ ھاۋا رايىنى مۆلچەرلەش ئۇ-
سۇللىرى.

ئەگەر تاغ تېكىسى، جەرەن قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ
كۈيلەش — جۈپلىششى كېچىكىپ، 10- ئايدىن 11-
ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە سۈرۈلۈپ كەتسە، كەكلىك، قىرغا-
ۋۇل قاتارلىق قۇشلار كەچ كۈزدىلا دان ئىزدەپ ئېتىز-
ئېرىقلار، ھويلا- ئارانلارغا كېلىۋالغان بولسا، سۇغۇر مال-
چارۋىلارنىڭ يەم- خەشەكلىرىگە ئۆگىنىۋالغان بولسا،
چاشقانلارنىڭ ئۇۋۇسىغا يىغقان ئوزۇقلۇقى ئادەتتىكىدىن
كۆپ بولسا، يايلاقتا ھەيدىگەن ئات، ئېشەك،كالا قاتار-
لىق ھايۋانلار 9- ئاينىڭ بېشىدىلا يايلاقتىن قايتىپ كېلى-
ۋالغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ يىل قىش بالدۇر كېلىپ،
سوغۇق قاتتىق بولىدۇ، قار كۆپ ياغىدۇ. ئەتىياز پەسلى
سۈرۈلۈپ ياز كېچىكىپ كېلىدۇ دەپ پەرەز قىلىنىپ،

بـۇنداق يـىللىرى چارۋىچـىلار تـېكـە ۋە قـوچقـارلارنـى
ساغلىق ئۆچكە، ساغلىق قويلىرىغا كېچىكىپرەك قويۇپ بېـ
رىدىكەن ھەم يەم-خەشەكلەرنى بـاشقا يـىللارغا قـارىغاندا
كـۆپرەك تـەييارلايدىكەن. شـاخىنەك، شـىلۋى قـاتارلىق
چـۆل ئـۆسۈملۈكلىرىنىڭ چـېچەكلەش ۋاقتـى كـېچىكىپ
كەتكەن بولسا بـۇ يـىل يـازنىڭ يـاخشى كـەلمىگەنلىكىنى،
قۇرغاقچىلىق، بوران-چاپقۇن كۆپ بولىدىغانلىقىدىن بېشا-
رەت ئىكەن. يېڭى ئاي چىققاندا، ئاينىڭ ئـەگمىسى يـۇقى-
رىغا قارىغان ھالەتتە بولسا ياكى پەسكىرەك قـارىغان ھا-
لەتتە بولسا، يەنى ئاينىڭ چىقىشى ئادەتتىكىدىن سەل غـە-
لىتىرەك بـولسا، كـېچىسى يـۇلتـۇزلار تـولـۇق چـىقمىغان
بولسا، ئەتىسى ئاخشىمى ئۇدا نەچچە كۈن قۇرغاق شامال
چـىققان بـولسا، شـۇ ئـايدا ئـاپەت خـاراكتېرلىك شـامال،
بوران كۆپ چىقىدۇ ھەم قۇرغاقچىلىق بولىدىكەن.

كەچتە كـۈن پـېتىۋاتقاندا قـۇياشنىڭ ئـەتراپى قـىزىل
بولسا، بۇ قىزىللىق پۈتۈن تاغ تاشنى قـاپلىغان بـولسا بـۇ
يـاخشى ھـاۋا رايـىنىڭ بـېشارىتى بـولـۇپ ئـەتىسى ھـاۋا
ئوچۇق ۋە ئىللىق كـۈن بـولىدىكەن. ئـەتىگەندە قـۇياش
كۆتۈرۈلگەندە قۇياش ئەتراپى قىزىل بولسا، بۇ قـىزىللىق
كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگىچمۇ تارقاپ كەتمىگەن بولسا بۇ
ناچار ھاۋارايىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، شۇ كۈنى يـامغۇر-يـې-
شىنلىق ياكى شامال-بورانلىق كـۈن بـولىدىكەن. ئـۇنىڭـ-
دىن باشقا ئەتىگەندە كـۈن قـۇتانلىسا، (قـۇياش ئـەتراپىدا
چەمبىرەك ھاسىل بولسا) شۇ كۈنى ئوخشاشلا قار-يامغۇر
ياغىدىكەن. ئاي قۇتانلىسا بوران چىقىدۇ دەپ مۆلچەر قى-
لىنىدىكەن. ئادەتتە چۈمۈلىلەر ئۇۋىسى ئەتراپىغا توپيا دۆ-
ۋىلىسە، قاغا تـوختىماي قـاقىلدىسا، بـىر-ئـىككى كـۈندىن
كېيىن قاتتىق يامغۇر ياغىدىغانلىقىدىن، بىر توپ قاغا يۇقى-
رى ئاۋازدا توختىماي قاقىلدىسا ئۇزاق ئۆتمەيلا يـامغۇر
يـاغىدىغانلىقىدىن دېرەك بـېرىدىكـەن، قـارلىغاچلارنىڭ
يەرگە يېقىن پەس ئۇچۇشى، چۈمۈلىلەرنىڭ ئۇۋىسى ئـەت-
راپىدا قالايمىقان ھەرىكەت قىلىشى قاتتىق دىمىق بـولـۇپ،
ئـارقىدىنلا يـامغۇر يـاغىدىغانلىقىدىن، يـېرىم كـېچىدە
كاككۇك سايرىسا ئەتىسى ھاۋا ئوچۇق بـولـۇپ تـېمپېراتۇ-
رىنىڭ يۇقىرىلايدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىكەن. ئەگەر تـاغ
قـۇشقىچى دەرەختـە تـۇرۇپ سـايرىسا بـۇ يـېقىنقى قـىسقا
ۋاقىت ئىچىدە ھاۋانىڭ ئوچۇق بولۇپ، يامغۇر يـاغمايدى-
غانلىقىدىن بېشارەت ئىكەن. ئەگەر ئۆلار يوشۇرۇنۇپ ھە-
رىكـەت قـىلسا، ھـاۋانىڭ تـۇتۇق بـولىدىغانلىقىدىن يـاكى
يامغۇر ياغىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن. ئاق قـۇشقاچ-
لارنـىڭ قـالايمىقان ھـەم تـېز ئـۇچۇشى يـاكى تـوختىماي
جىددىي سايرىشى پات ئارىدا قاتتىق يامغۇر ياغىدىغانلىقى-
نىڭ بـېشارىتى ئـىكەن. سـېغىزخاننىڭ سـەھەردە سـايرىشى
ھاۋانىڭ ئوچۇق بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن.

بـۇ جـايلارنىڭ ھـاۋارايىنى بـەلگىلىشى ئـاساسەن
ئوخشاش بولۇپ، چارۋىچىلار ئۆزلىرى تۇرغان جاينىڭ
يەر شارائىتىغا قاراپ، ھاۋارايىغا ھۆكۈم قىلىشى قىسمەن
پەرقلىنىدىكەن. سەرەم، توڭگۇز بۇرۇن، ھەرەمجان، تېـ
رەكئاۋات، قورام، دۆنەلەردە كۆپىنچە كۈن، ئاي، يۇلتۇز-
غا قاراپ ھاۋارايى مۆلچەر قىلىش بىلەن بىللە ھايۋانلاردى-
كى ئالامەتلەرگە، ئۇچار قۇش، چۆل ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ
كۆكلەش، چېچەكلەش ئـەھۋاللىرىغا قـاراپمۇ ھـاۋارايـى
مۆلچەر قىلىنىدىكەن.

(ئاپتور: كەلپىن ناھىيە بۇرچى يېزا ساقچىخانىسىدا)

**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!**

سىزنىڭ قـولـلىشىڭىز بـىلەن ژۇرنـىلىمىز مـۇشۇ كـۈنگە كـەلدى. شـۇنى تـۆۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى، 2010 - يـىلىدىن ئـېتىبارەن ژۇرنـىلىمىزنى كـىتابخانىلارغا سېلىشنى تـوختاتتۇق. شـۇڭا پـەقەت مـۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنـىلىمىزدىن ھـۇزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بـولسىڭىز مـۇشۇ گـەپنى ئـۇرۇق - تـۇغقانلىرىڭىزغا، ئـاغىنە - بـۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، يـېقىن - يورۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.



# مېمفىس ۋە ئەلئېھرام

مېمفىسنىڭ قەبرىستانلىقى غەززادىن باشلىنىپ خاشلودقىچە بولغان ئىنتايىن چوڭ يەردىكى ئەلئېھرامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەر مىسىردىكى نىل دەريا دېلتىسىنىڭ جەنۇبىغا، پايتەخت قاھىرەنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، نىل دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. 1979-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىلىم-پەن، مائارىپ تەشكىلاتى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى مىراس دەپ بېكىتكەندىن كېيىن «دۇنيا مىراسلىرى قامۇسى»غا كىرگۈزۈلگەن.

يىراق قەدىمكى دەۋردە، دۇنياغا ئەڭ ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشتىن يەتتىسى بولغان بولۇپ بۇ دۇنيادىكى يەتتە چوڭ مۆجىزە دەپ قارالغان ھەم توختىماي كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن-ئېغىزىغا تارقىلىپ كەلگەن. ئەمما نەچچە 1000 يىللاردىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بۇ يەتتە چوڭ مۆجىزىنىڭ ئالتىسىنى ۋەيران قىلىپ يوقاتقان. ئۇنىڭ ئىچىدە قېپقالغىنى پەقەت — مىسىردىكى ئەلئېھرامدۇر. ئۇ تا ھازىرغىچە 4000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ نىل دەرياسى بويىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. ھەيۋەت كۆرۈنىدىغان نىل دەريا ۋادىسىدىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ئەقىل-پاراستى بىلەن قالدۇرغان ئەينى دەۋردىكى پارلاق تارىخىنىڭ شاھىتى.

مېمفىس، مىسىر قەدىمكى پادىشاھلىق دەۋرىدىكى پايتەخت بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەڭ بۇرۇن يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3100-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى خاندانلىق مەزگىلىدە ياسالغان. كېيىنكى مەزگىللەردە يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 27-ئەسىردىن تاكى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 22-ئەسىردىكى 3-خاندانلىقتىن تاكى 6-خاندانلىققىچە بولغان قەدىمكى پادىشاھلىق دەۋرىگىچە ئۇستۇنكى مىسىر بىلەن تۆۋەنكى مىسىر بىر بولۇپ، بۇ يەر ئەنە شۇ قەدىمكى پادىشاھلىقنىڭ پايتەختى، سىياسىي، دىنىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 11-ئەسىردىكى مەركىزىي خاندانلىق بىلەن يېڭى خاندانلىق دەۋرىدە گەرچە پايتەخت جەنۇبقا يۆتكەلگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ يەر يەنىلا ئاساسلىق شەھەر بولغان. مېمفىس شەھىرىدە ھازىر ساقلىنىپ قالغان قەدىمىي يادىكارلىقلار ئىنتايىن ئاز بولۇپ، پەقەت بىر قانچە غايەت زور تاش ھەيكەلدىن

باشقا بىر ئىبادەتخانا بىلەن بىر كالا بۇتخانىسىلا بار.

ئەلئېھرام قەدىمكى مىسىر فىرئەۋنىنىڭ قەبرىسى.
قەدىمكى دەۋردە فىرئەۋن ئۆزىنى ئىلاھنىڭ ئەۋلادى
دەپ، تەڭداشسىز ئىمتىيازغا ئىگە بولغان. ئۇلار پۈتۈن
ئۆمرىدە ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ خىل قۇرۇلۇشنى پۈتتۈر-
گەن. مەسلەن، ئىبادەتخانا، قەبرە ۋە ئايۋان ساراي. مە-
سىرلىقلار ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ياخشى ساقلاپ قارىسا
مەڭگۈ هاياتلىققا ئېرىشىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. شۇڭا كىشلەر
ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانىنى قۇرۇش، ئىنسانىيەت مەدە-
نىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تالڭ شەپىقى، قەدىمكى مىسىر
پۈتكۈل ئىلمىنى فىرئەۋىن ياساتقان ئەلئېھرامدا نامايان
قىلغان دەيدۇ.

ئەلئېھرام رايونىنىڭ غەربىي قىسمى لىۋىيە قۇملۇقىغا
تۇتۇشىدۇ، شەرقىي نىل دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى
بوستانلىققا يېقىن بولۇپ شىمالىي تەرىپى گەززادىن باشلى-
نىپ، جەنۇبىي ساككارە، ئەبوشىردىن تاكى دەھشۇرغىچە
تەخمىنەن 80 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى دائىرىدە چوڭ-كى-
چىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ئەلئېھرامدىن 90 نى بار. بۇ
ئەلئېھراملارنىڭ كۆپىنچىسى قەدىمكى پادىشاھلىق دەۋرد-
ىدە ياسالغان.

شىمالدىكى غەززا رايونى قاھىرەنىڭ غەربىي جەنۇبى-
غا ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يەرگە جايلاشقان بولۇپ،
غەززا شەھىرىدىن يەنە غەربىي جەنۇبقا ئون كىلومېتىر
سوزۇلگەندىكى يەر لىنىيە قۇملۇقىدۇر. بۇ يەردىكى ئەل-
ئېھرامنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ ھەم ئەڭ داڭلىق، يەنى كى-
شىلەر داۋاملىق ئاغزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلەيدىغان ئاشۇ
ئۈچ ئەلئېھرامنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە بولۇپ، ئۇلار
مىلادىدىن ئىلگىرىكى 27-ئەسىردىن مىلادىدىن ئىلگىرىد-
كى 26-ئەسىرگىچە ئۆتكەن قەدىمكى پادىشاھلىقنىڭ 4-
خانلىق دەۋرىدە ياسالغان.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە شىمالىغا جايلاشقان، باش تەرەپتى-
كى كۇفۇ (Khufu) ئەل ئېھرامى، 2-ئەۋلاد فىرئەۋن
جېپس (Cheops)نىڭ قەبرىسى بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگى-
رىكى 2760-يىللىرى ياسالغان. ئۇنىڭ ئاستىنقى يۈزى كى-
ۋادرات شەكلىدە، ھەرقايسى تەرەپلىرى ئايرىم-ئايرىم
شەرق، جەنۇب، غەرب، شىمالغا قارايدۇ. ھەر بىر تەرىپى-
نىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 230 مېتىر بولۇپ، ئۇستىگە
قاراپ ماڭغانچە كونۇسسىمان ھالەتتە بولىدۇ. كونۇسىنىڭ
چوققىسى كەمتۈك بولۇپ، ھازىرقى ئېگىزلىكى 137
مېتىر، ئەينى ۋاقىتتىكى بۇزۇلمىغان ھالىتىنىڭ ئېگىزلىكى
بەلكىم 146.7 مېتىر بولۇشى مۇمكىن. چوڭ ئەلئېھرامنىڭ
لەھەتكە كىرىش ئېغىزىنىڭ يەر بىلەن بولغان ئارىلىقى 27
مېتىر بولۇپ چوڭ گىرانىت تاشتىن قوپۇرۇلغان. مانا بۇ
ئەڭ چوڭ ئەلئېھرام بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە يەر
شارىدىكى ھەجمى ئەڭ چوڭ قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرسىدۇر.

ئۇنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ھەجمى ئۇنىڭدىن سەل كى-
چىكرەك بولغان كافرې (Khafre) ئەلئېھرامى بار. كافرې
ئەلئېھرامى كۇفۇ ئەلئېھرامىغا سېلىشتۇرغاندا ئازراق
كىچىك، ئەمما سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە قۇرۇ-
لۇش لايىھەسىنىڭ نەپىسلىكى جەھەتتە كۇفۇ ئەلئېھرامى-
دىن ھەرگىز قېلىشمايدۇ. ئوخشاش ئېگىزلىكتىكى پەلەم-
پەيسىمان يەرگە سېلىنغان، قارىماققا خۇددى ئالدىنقى-
سىدىن ئېگىزدەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە كافرې ئەلئېھ-
رامىنىڭ ئاساسىي ئۇزۇنلۇقى 215.7 مېتىر، ئېگىزلىكى
143.6 مېتىر بولۇپ، ھاك تاش بىلەن گىرانىت تاشتىن قو-
پۇرۇپ چىقىرىلغان. ئۇنىڭغا تەۋە بارلىق قۇرۇلمىلار بىر
قەدەر مۇكەممەل، ھەيۋەتلىك ساقلانغان بولۇپ مەسلەن،
قورام تاشتىن ياسالغان ئىككى بۇتخانا: ئۇستۈنكى ۋە
ئاستىنقى بۇتخانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاندىن ئەلئېھرام-
نىڭ قېشىدا ياتقان سفىنكس (شىر تەنلىك ئادەم يۈزلۈك
ھەيكەل) بولۇپ ئۇ ئىنتايىن چوڭ قورام تاشنى يۆتكىمەس-
تىنلا ئۆز ئورنىدا ئويۇپ ياسالغان، يەنە بىر ئېيتىشلارغا
قارىغاندا ئۇ كافرېنىڭ چىرايىغا ئاساسەن ئويۇپ ياسالغان-
مىش.

غەربىي جەنۇبنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئېگىزلىكى چوڭ
ئەلئېھرامنىڭ يېرىمىغىمۇ كەلمەيدىغان مەنكالا (Mancala)
ئەلئېھرامى بار. مەنكالا ئەلئېھرامىنىڭ گەرچە ھەجمى ئەڭ
كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن نەپىس. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇ-
قى 108.7 مېتىر، ئېگىزلىكى 66.5 مېتىر كېلىدۇ.

بۇ ئۈچ چوڭ ئەلئېھرام بىلەن ئۇنىڭ يان تەرەپتىكى
كىچىك ئۈچ ئەلئېھرام ۋە ئەلئېھرامنىڭ شەرقىي تەرەپتىكى
سفىنكس بىلەن شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە ئىبادەت-
خانا غەززا ئېگىزلىكىگە سېلىنغان بىر تۈركۈم قەدىمكى ئى-
مارەتتۇر.

زامانىۋى ئىلىم-پەندىن پايدىلىنىپ ئەلئېھرامنى
ئۆلچەپ، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىشلىرى 18-ئەسىرنىڭ



ئاخىرىغا كەلگەندە ئاندىن باشلانغان. ھالبۇكى ئۆلچەش ۋە تەتقىقاتتىن كېيىنكى ئېرىشكەن بەزى سانلىق مەلۇمات ۋە مەسىلەر كىشىلەرنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى.

كىشىلەرنى گاڭگىرىتىپ قويغىنى، چوڭ ئەھرامنىڭ بىر قاتار سانلىق مەلۇماتلىرى، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش ئورنى شىمالىي كەڭلىك 29 گىرادۇس 58 مىنۇت 51 سېكۇنت بولۇپ، بۇ سان شىمالىي كەڭلىك 30 گىرادۇسقا ئىنتايىن يېقىن. ئاسترونوملارنىڭ قارىشىچە ئەگەر ئاتموسفېرا قەۋىتىدىكى يورۇقلۇقنىڭ سۇنۇشىغا قاراپ ئىنسانلار ئاددىي كۆزى بىلەن ئۆلچەم چىققان دېگەندىمۇ شىمالىي كەڭلىك 30 گىرادۇس ئەمەلىيەتتىمۇ 29 گىرادۇس 58 مىنۇت 22 سېكۇنت كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چوڭ ئەھرامنىڭ ئورنىدىكى ئەمەلىي ئارىلىقتا پەقەت 29 سېكۇنتلا پەرق بار دېگەن گەپ. بۇ چوڭ ئەھرام لايىھەلىگۈچىلىرىنىڭ ئۆلچەش تېخنىكىسىنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئاللىبۇرۇن مېرىدىيان ۋە پاراللېل ئۇقۇمىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھالبۇكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئايان، 16-ئەسىرگە كەلگەندىلا بىز مېرىدىيان ۋە پاراللېل ئۇقۇمىنى چۈشىنىپ ئاندىن ئىشلەتكەن.

چوڭ ئەھرامنى كېسىپ ئۆتكەن مېرىدىيان سىزىقى، يەر شارىدىكى ھەرقايسى قىتئە ۋە ئوكيانلارنىڭ يەر مەيدانىنى تەخمىنەن تەڭ يېرىمدىن بۆلگەن، خاتالىق پەرقى پەقەت 7% ئەتراپىدا.

چوڭ ئەھرامنىڭ يۆنىلىشى ئىنتايىن توغرا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تۆت ئاساسى ئايرىم-ئايرىم ئۇدۇل شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب تەرەپكە قارايدۇ. خاتالىق پەرقى 0.015% كىمۇ يەتمەيدۇ. بۈگۈنگە قەدەر يەر شارىدىكى يۆنىلىشى ئەڭ توغرا قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى. چوڭ ئەھرامنىڭ ئەسلىي ئېگىزلىكى 146.7 مېتىر، ئاستىنقى ئايلانمىسى 921.5 مېتىر، ئاستىنقى ئايلانما ئۇزۇنلۇقى بىلەن ئېگىزلىكىنىڭ نىسبىتى 2 π كونستانتىتىقا تەڭ بولسا، ھەممىگە مەلۇم بولغان چەمبەر تۇراقلىقى π (3.1416) نىڭ ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ دېگەنلىك.

تارىختى قوللانمىسا چەمبەر تۇراقلىقنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 نەچچىنچى يىللىرى گرېتسىيەلىك ماتېماتىكا ئالىمى ئالىمى بايقىغان. لېكىن بۇ فورمۇلا ئاللىبۇرۇن 4000 قانچە يىللارنىڭ ئالدىدىلا چوڭ ئەھرامنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىشلىتىلگەن.

يالغۇز π (چەمبەر تۇراقلىقى، يەنى كونستانتىنت)نى ئىشلەتكەنىنىڭ ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. كىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان بىر مەسىلە شۇكى. ئەھرامنىڭ ئاساسى بىلەن ئېگىزلىكنى تەڭلەشتۈرۈشتە نېمىشقا چەمبەر تۇراقلىقنى تاللايدۇ، يەنە كېلىپ باشقا كوئېففىتسېنتىمۇ ئەمەس؟

سۇنئىي ھەمراھ بىلەن يەر شارىنى ئۆلچەپ ئېرىشكەن ئىشەنچلىك سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، شىمالىي يېرىم شارنىڭ يادروسى (ئېكۋاتوردىن شىمالىي قۇتۇپقىچە) 6356 كىلومېتىر بولۇپ، بۇ سان چوڭ ئەھرامنىڭ ئېگىزلىكى (146.72 مېتىر)نىڭ 43 مىڭ 200 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ. ھەم يەر شارى ئېكۋاتورىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 40075.5 كىلومېتىر بولۇپ، بۇ سانى 43 مىڭ 200 ھەسسە كىچىكلەتكەندە، 927.67 مېتىرغا تەڭ بولىدۇ. چوڭ ئەھرامنىڭ ئاستىنقى ئايلانمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 921.5 مېتىر بولۇپ پەقەت 6.17 مېتىرلا پەرقلەنگەن. بۇ خاتالىق نىسبىتى 0.3% كىمۇ يەتمەيدۇ. بەزى ئالىملار بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، ئېگىزلىكى بىلەن ئاستىنقى ئايلانما ئۇزۇنلۇقنى سېلىشتۇرغاندا، چوڭ ئەھرام ئەمەلىيەتتە يەر شارى شىمالىي يېرىم شارنىڭ 43 مىڭ 200 ماسشتابىغا تەڭ كەلگەن. خاتالىق نىسبىتى 0.3% كىمۇ يەتمەيدۇ دەپ قارايدۇ. بەلكىم بۇ ئېكۋاتورنىڭ مۇنتىزىم بولمىغان كۆپۈنچە قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ ھېسابلىغان يەكۈن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە چوقۇم تەكىتلەشكە تېگىشلىك بولغىنى 43 مىڭ 200 دېگەن بۇ سانى خالىغانچە بېكىتكەن ئەمەس، بەلكى يەر شارىنىڭ پرېتسېسسىيە

هەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دېمەك پىرېتسېسسىيە هەرىكىتى، يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا دەۋرىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشى بىلەن ئەتىيازلىق كۈن-تۈن تەڭلىشىش نۇقتىسى، ئېلىپتىكا بەلبېغىنىڭ ئورنىغا سۇرۇلىدۇ. بۇ خىل يۆتكىلىش سۈرئىتى ئىنتايىن ئاستا بولۇپ هەر 72 يىلدا بىر گرادۇس سۇرۇلىدۇ هەر 2160 يىلدا 30 گرادۇس، يەنى بىر يۇلتۇزلار تۈركۈمى سۇرۇلىدۇ. هەر 4320 يىلدا 60 گرادۇس يەنى ئىككى يۇلتۇزلار تۈركۈمى سۇرۇلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاسترونوملار دائىم 72، 2160، 4320 دېگەن سانلارنى پىرېتسېسسىيە سانى دەپ ئاتىۋالغان، تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشچە پىرېتسېسسىيە هەرىكىتىنى يۇنانلىق ئاسترونوم شىپاچاس مىلادىدىن ئىلگىرىكى 129-يىلى 1-بولۇپ بايقىغان، بىراق چوڭ ئەلئېهرام بىلەن يەر شارىنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتىدە بۇمۇ ئاللىبۇرۇن كۆرۈلۈپ بولۇنغان.

چوڭ ئەلئېهرامنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى هەر تەرەپلىمە ماتېماتىكىلىق تىلسىماتلىق نەزەرىيەلىرى بىلەن قاپلانغان. مۇناردىكى ئەڭ مۇهىم ئۆي ۋە سارايلار، مۇنار ئىچىدە مەيلى تىك ياكى گورىزونتال هالەتتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر هەممىسى دەل ئوتتۇرىغا جايلاشقان. تىك قارىغاندا ئۇ دەل بۇ مۇنارنىڭ ئېگىزلىكىنىڭ يېرىمى بولىدۇ، گورىزونتال تەكشىلىكتە تۇرۇپ قارىغاندا، ئوردا-سارايلارنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى يەنىلا بارلىق گورىزونتال تەكشىلىك يۈزىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ. ساراي يەر يۈزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 11.38 مېتىر، كەڭلىكى 5.69 مېتىر بولۇپ، قەدىمكى مىسىرنىڭ ئۇزۇنلۇق بىرلىكىدە 20x10 بىلەك (قەدىمكى مىسىردىكى ئۇزۇنلۇق بىرلىكى بولۇپ، قولنىڭ ئۇچىدىن جەينەككىچە بولغان ئارىلىق). لېكىن تامنىڭ ئېگىزلىكى 5.82 مېتىر يەنى 11.18 بىلەك كېلىدۇ. ئەگەر يەرنىڭ مەركىزىدىن باشلاپ هېسابلىساق دەل 1.618 مېتىرغا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل بۆلۈش ئۇسۇلىنى ئالتۇن بۆلۈش دەپ ئاتىغان. بۇ خىل تاناسىپنى ئادەم كۆز بىلەن كۆرۈشكە ئەڭ ماس كېلىدىغان تاناسىپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. هەممە كىشىلەر بۇنى قەدىمكى يۇنانلىق پىفاگورچىلار بايقىغانلىقىنى بىلىدۇ. يۇنانلىقلار بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ ئۇنى پاتەنئون ئىبادەتخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىشلەتكەن. بىراق بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرى بۇ خىل تاناسىپنىمۇ چوڭ ئەلئېهرامنىڭ خان سارىي قۇرۇلۇشىدا ئاللىبۇرۇن ئىشلەتكەن.

ماركس ئۆز ۋاقتىدا مۇنداق دېگەن: بىر خىل ئىلىمنى پەقەت ماتېماتىكىلىق ئۇقۇم بىلەن ئىپادىلەيدىغان ۋاقىتتىلا، ئاندىن مۇكەممەل بولغانلىقىنى تەرىپلىيەلەيمىز. چۈنكى ماتېماتىكىلىق تىل بولسا ئۇ بىر خىل ئەمەلىي يېزىقتىن ۋە مەدەنىيەت مورفولوگىيەسىدىن هالقىپ كەتكەن بولىدۇ. هەرقانداق ئەقىل-پاراسەتنى تىل ئارقىلىق هېس قىلىمىز. چوڭ ئەلئېهرامدا كۆپ كۆرۈلگەن ماتېماتىكىلىق تىلنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى هېس قىلماي قالمايمىز. بۇ بىر يۈكسەك مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىزگە قالدۇرۇلغان ئۇچۇرلىرىدۇر. ئۇ بىزگە چوڭ ئەلئېهرامنىڭ لايىهەلىگۈچىسى پەقەتلا ئۆزىنىڭ ماتېماتىكىلىق يۇقىرى مەلۇماتلىق چوڭقۇر بىلىمىگە ئىگە ئادەم بولۇپلا قالماي بەلكى ئاللىبۇرۇن يەر شارىنى ئۆلچەم بولغاندەك، يەر شارى بىلەن قۇياش سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى ئىگىلەپ، پىرېتسېسسىيە هەرىكىتىگە بولغان چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

لېكىن تارىختىن ئىلگىرىكى ئىنسانلار تېخى ئەرەب رەقەمىنى ئىجاد قىلمىغان، هەتتا «0» نى ئىشلىتىشنىمۇ بىلمەيدىغان ئاشۇ دەۋردە قانداق ئادەم بۇنداق يۇقىرى سەۋىيەدىكى ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە بىلىملىرىگە ئىگە بولغىيتتى؟

ماتېماتىكىلىق سىرلا تېخى يېشىلمەستىنلا كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا: قەدىمكى مىسىرلىقلار بۇنداق چوڭ قۇرۇلۇشنى زادى قانداق ئېلىپ بارغان؟ دېگەن گۇماننى تۇغدۇرىدۇ.

چوڭ ئەلئېهرامنىڭ ئىچى 260 تۈمەن چاسا مېگالىت تاش بىلەن قوپۇرۇلغان. بۇ چاسا تاشلارنىڭ هەر بىر



پارچىسىنىڭ ئېغىرلىقى نەچچە توننىدىن، نەچچە ئون توننىچە كېلىدۇ. تاش بىلەن تاشنىڭ ئارىلىقىغا ھېچقانداق سېمونت ياكى ھاك لاي تۈرىدىكى يېپىشتۇرغۇچى ماددىلار ئىشلىتىلمىگەن. خاتىرىلىنىشىچە چوڭ ئەلئېھرامنىڭ سىرتى ئەسلىدە بىر قەۋەت سىلىقلانغان تاش بىلەن قاپلانغان، بۇ تاشلار تەخمىنەن 1150 مىڭ پارچە بولۇپ، ھەر بىر پارچىسىنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن ئون توننا كېلىدىكەن، بىراق مىلادى 1301-يىلىدىكى چوڭ يەر تەۋرەشتىن كېيىن، بۇ ياپىلاق سىلىقلانغان تاشلار شۇ چاغدىكى ھۆكۈمرانلىق تەرىپىدىن سۆكۈپ ئېلىنىپ، قاھىرەنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن مۇھىم تاش ماتېرىيالى قىلىنغان. ھازىر پەقەت چوڭ ئەلئېھرامنىڭ ئاستىنقى قەۋىتى بىلەن كافورا پىرامىداسىنىڭ چوققىسىدىلا ئاز بىر قىسىم قاپلىما تاش پارچىسى بار. لېكىن ئاشۇ قاپلىما تاشلار يوقالغاندىن كېيىن، چوڭ ئەلئېھرامنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تاشلار ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىش تا بۈگۈنگە قەدەر ئىنتايىن مۇسەتەھكەم تۇرغان، ھەتتا ئۆتكۈر تىغنىمۇ ئۇنىڭ ئارىلىقىغا كىرگۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇ ۋاقىتتىكى كىشىلەردە ھېچقانداق مېتال ئەسۋابلار بولمىغان شارائىتتا، قۇرۇلۇشچىلار قانداق قىلىپ بۇنداق غايەت زور تاش پارچىلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ چىقالىغانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ بىر سىر.

ئەلئېھرام ئادەتتىكى تاش پارچىلىرىدىن دۆۋىلەپ قوپۇرۇلغان نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ ئىچى مۇرەككەپ بولغان كارىدور ھەم دالانچە ئۆي بىلەن تولغان. ئەلئېھرامنىڭ ئاستىنقى ئايلانمىسى بىلەن ئېگىزلىكىنىڭ π2 مۇناسىۋىتى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چوڭ ئەلئېھرامنىڭ يانتۇلۇق بۇلۇڭ گرادۇسىنى 52 گرادۇس قىلىپ بېكىتكەن. نىسبەتلەشتۈرگەندە ئەلئېھرامنىڭ ئىچىدىكى بارلىق كارىدورلارنىڭ بۇلۇڭ گرادۇسى 26 گرادۇس بولۇپ، بۇ دەل 52 گرادۇسنىڭ تەڭ يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ. روشەنكى بۇ بۇلۇڭ يەر يۈزى دىنامىكىسىغا ئاساسەن كۆڭۈل قويۇپ لايىھەلەنگەن ھەم بىناكارلىق ئىلمىغا ئىنتايىن ئۇيغۇن كېلىدىغان پرىنسىپ. بىراق قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغاندا ھەممە يەر بۇنداق بۇلۇڭغا ماس كېلىۋېرىدۇ، ئەمما چوقۇم تىرىگونومېترىيەلىك فۇنكسىيەگە ئاساسەن ھېسابلاپ چىقىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش كېرەك. بولۇپمۇ خان ئۇردىسىغا تۇتۇشىدىغان چوڭ كارىدورنىڭ ئۇزۇنلۇقى 47 مېتىر، يەر يۈزىنىڭ كەڭلىكى 2.1 مېتىر بولۇپ، بۇنىڭدا چوغۇندەكسىمان قۇرۇلمىنى قوللانغان، ئاستى-ئۈستى تەڭ 26 گىرادۇسلۇق بۇلۇڭنى ساقلاپ قالغان. بۇ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىلمىدە كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان مۆجىزە.

چوڭ ئەلئېھرامنىڭ ئىنتايىن چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىناكارلىق ھۈنەر-سەنئىتى ئىنتايىن نەپىس ۋە نازۇك. ئۇنىڭ ئاساسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 35.230 مېتىر بولۇپ ئىچىدە يەنە ئەڭ ئۇزۇن تەرەپ بىلەن ئەڭ قىسقا تەرەپنىڭ تەڭ بولماسلىقى پەقەت 0.2 مېتىر بىلەن پەرقلىنىدۇ، شۇنداقلا خاتالىق نىسبىتى 0.1% كىمۇ يەتمەيدۇ ھەم ئۇنىڭ تۆت بۇلۇڭىنىڭ بۇلۇڭ گرادۇسى بىلەن نەزەرىيەدىكى مۇتلەقلەشتۈرۈلگەن 90 گرادۇسلۇق تىك تۆت بۇلۇڭنىڭ پەرقى پەقەت ئىككى سېكۇنتتىنمۇ تۆۋەن. شۇنىڭدەك ھازىرقى ئەڭ ئىلغار، ھەر خىل ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەتكەن زامانىۋى قۇرۇلۇشلاردىمۇ بۇ تېخنىكىنى ئىشلىتىشكە پەقەتلا ئامالسىز، ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ خالاس.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە چوڭ ئەلئېھرامنىڭ ئىچكى كارىدورى، ئوردا ئايۋان سارايلىرى ۋە ئارقا ئۆي قاتارلىقلار ئۆي ئىچىدە بولسىمۇ، ھېچقانداق مەشئەل تۈرىدىكى يورۇتقۇچى نەرسىلەردىن پايدىلانغان ۋە ئىشلەتكەن ئىزناسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى قۇرۇلۇشچىلار چوڭ ئەلئېھرامنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قۇرۇلۇشلارنى تاماملاشتا ئۇنىڭ ئىچىنى قانداق يورۇتقانلىقى يەنە بىر سىر.

ھەممىگە ئايان، ئەلئېھرامنىڭ ئاستى خېلى چوڭقۇر يەرگىچە جايلاشقان، ھېچقانداق بىر تەبىئىي يورۇقلۇق كىرمەيدۇ. يورۇقلۇق مەسىلىسىنى يەشكىلى بولمىغان يەردە، قۇرۇلۇشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

چوڭ ئەلئېھرامنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى نۇرغۇنلىغان نەپىس سەنئەت ۋە كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان نۇرغۇن «مۇمكىن ئەمەس»لەرنىڭ جاۋابسىز قېلىشى ئادەملەرنى بەكلا گاڭگىرىتىپ قويىدۇ.

ئەلئېھرام دۇنيانىڭ مۆجىزىسى، شۇنداقلا يېشىش ئەڭ قىيىن بولغان بىر سىرى.

تەرجىمە قىلغۇچى: **مېھرىگۈل قادىر**

(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىدە)

# تەلۋەچۆك ۋە يامانيار



سابىرجان سېيىت

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ يامانيار يېزىسى بىلەن پەيزاۋات ناھىيەسى تەۋەلىكى چېگرالىنىدىغان جايدا تەلۋەچۆك دېگەن بىر دەريا بولۇپ، بۇ ھەقتە كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق رىۋايەتلەر تارقالغان.

زامانى ئەۋۋەلدە تولۇي خاننىڭ ئوغلى، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قەشقەرنى بويسۇندۇرماق بولۇپ نۇرغۇن لەشكەر تارتىپ قاتتىق جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قارشى كۈچكە تەڭ كېلەلمەي، يېڭىلىش ئالدىدا تۇرغان پالۋانلىرىنى باشلاپ قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىگە، يەنى ھازىرقى يامانيار يېزىسى تەۋەسىگە چېكىنىپ بىر مەزگىل مۆكۈنۈپ تۇرۇپتۇ. دەريانىڭ ئۇ قېتىدا بولسا، ئۇرۇشۇۋاتقان قارشى تەرەپ چېدىر تىكىپ جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرۇپتۇ. دەريادا سۇ دەھشەت ئۇلۇغ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارشى تەرەپنىڭ مۇداپىئەسى كۈچلۈك بولغاچقا، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى بىر مەزگىل پەيت كۈتۈپتۇ. ئۇ دەريادىن ئۆتەلمەي تولىمۇ تىت-تىت بولۇپتۇ ۋە ئاخىر بىر ئەقىل ئويلاپ چىقىپ بىر پالۋانى يېنىغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ پەرمان قىپتۇ:

— بۈگۈن سېنىڭ ئۆز كارامىتىڭنى كۆرسىتىدىغان پۇرسەت كەلدى. سەن بۈگۈن كېچىدە ئىككى تولۇمغا يەل توشقۇزۇپ، بېلىڭگە مەھكەم باغلاپ دەريادىن يوشۇرۇن ئۆتۈپ، دەريانى كۆزىتىۋاتقان قاراۋۇلنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ بىزگە بەلگە بېرىسەن. سېنىڭ بەلگەڭگە قاراپ سال بىلەن دەريادىن تىۋىشسىز ئۆتۈپ ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرىمىز، بۇنىڭدىن باشقا چارىمىز يوق. پەرمانغا ئاساسەن، پالۋان يېرىم كېچىدە دەرياغا چۈشۈپ، سۇ ئۈزۈپ دەريانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، قارشى تەرەپنىڭ قاراۋۇلى مەشئەل بىلەن دەريانى يورۇتۇپتۇ. چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى پالۋان سېزىلىپ قالسا ئىشتىن چوڭ چاتاق چىقىدۇ دەپ ئەنسىرەپ، سۇدىكى پالۋانغا پەسرەك ئاۋازدا:

— چۆك، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. لېكىن پالۋان سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى بىلەن ئاۋازنى ئاڭلىيالماپتۇ. چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى تېخىمۇ ئەنسىرەپ:

— ھەي تەلۋە، چۆك! — دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پالۋان سۇغا چۆكۈپ دەريادىن بىخەتەر ئۆتۈپ قاشقا چىقىپ قاراۋۇلنى ئۆلتۈرۈپتۇ-دە، بەلگە بېرىپتۇ. چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قوشۇنلىرىنى باشلاپ سال بىلەن دەريادىن تۇيۇقسىز ئۆتۈپ، قارشى تەرەپنىڭ بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان 1000 دىن ئوشۇق لەشكىرىنى قىرىپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ دەريانىڭ ئىسمى «تەلۋەچۆك» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ.

بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق بىر رىۋايەتمۇ تارقالغان:

قەشقەرنى زوھورىدىن ھاكىم بەگ سوراپ يۈرگەن دەۋردە،

ئوردا ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ هازىرقى يامانيار يېزىسىنىڭ
سۇبهانىئاللا كەنتىدىكى مۇسا قازىنىڭ ئۆيىگە باغ سەيلە-
سىگە بېرىپتۇ، مۇسا قازىئاخۇنۇمنىڭ باغلىرىنى ئايلىنىپ،
يۇرتنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ ۋە قازىئاخۇنۇمغا باشقا ئەل-
ئاۋامنىڭ ناهايىتى نامرات، يوقسۇزچىلىقتا كۈن كەچۈرۈ-
ۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، توۋا قىلدىم «سۇبهانىئاللا»، نېمانچە
يوقسۇز كىشىلەر بۇ! دەپتۇ. قايتىدىغان چاغدا مۇسا قازى-
ئاخۇنۇمنى يېنىغا چاقىرىپ، قازىئاخۇنۇم ئۆزلىرى يۇرت
كاتتىسى بولغاندىكىن بىر ئامال- چارە ئىزدەپ خەلقنىڭ
هالىغا يەتسىلە، دەپ جېكىلەپتۇ. مۇسا قازىئاخۇنۇم يۇرت
خەلقىنى دېهقانچىلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلاي دېسە، ئۇرۇق-
لۇق تېپىپ بېرىشكە كۆزى يەتمەپتۇ، قانداق قىلىشنى
بىلمەي بېشى قېتىپ تۇرغاندا دەريانىڭ ئۇ قېشىدىكى بىر
زالىم باينىڭ قوغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى،
لېكىن باشقا كىشىلەرگە بىر تالمۇ قوغۇن ئۇرۇقى بەرمەي-
دىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. شۇ يىلى قوغۇن پىششىقى مەزگىلىدە
مۇسا قازىئاخۇنۇم بىر پالۋان يىگىتنى تاللاپ «بىز دەريا-
نىڭ بۇ قېتىدا قاراپ تۇرىمىز، سەن تۇن كېچە بىلەن دەر-
يادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، بايغا تۇيدۇرماي بىر قانچە قوغۇن
ئۈزۈپ كېلىسەن. قوغۇن تېرىپ سېتىپ، كۈنىمىزنى ياخ-
شىلايلى» دەپتۇ. بىر كۈنى تۈن يېرىم بولغاندا يۇرت كات-
تىلىرى ۋە دېهقانلار دەريا بويىغا توپلىشىپتۇ، پالۋان
يىگىت دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ دەريانىڭ
ئۇ قېتىغا باراي دېگەندە قارشى قىرغاقتىكى باي دەرياغا
چىراغ تۇتۇپتۇ. مۇسا قازىئاخۇنۇم دەرهال «هەي پالۋان
چۆك دەپتۇ. ئەمما پالۋان ئۈزۈۋېرىپتۇ. ئاچچىقى كەلگەن
قازىئاخۇنۇم «هەي تەلۋە، سۇغا چۆك» دەپ ۋارقىراپتۇ.
پالۋان چۆكۈپ دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىدىن قاشقا چىقىپ
قوغۇن ئېلىپ كېلىپ، يۇرت خەلقىنى قوغۇن ئۇرۇقى
بىلەن تەمىنلەپتۇ. خەلق قوغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ.
شۇ ئىشتىن كېيىن يۇرتنىڭ ئىسمى «سۇبهانىئاللا»، دەريا-
نىڭ ئىسمى «تەلۋە چۆك» دەپ ئاتىلىپتۇ.

يېقىنقى زامانلارغا كەلگەندە رىۋايەت قىلغۇچىلار تەل-
ۋەچۆك دەرياسى ۋە يامانيار دېگەن ئۇقۇملار هەققىدە
يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق رىۋايەتلەرنىمۇ تارقاتقان:

زامانى ئەۋۋەلدە يامانيار دېگەن بۇ يۇرت كەڭرى
كەتكەن قېلىن جاڭگاللىق ئىكەن، بۇ يەرنىڭ سۈيى تول-
مۇ مول بولۇپ تەلۋەچۆك دەرياسى تولۇپ قىرغاق
سۈيۈپ ئاقىدىكەن. يامغۇر يېغىپ كەلكۈن كەلگەن چاغ-
لاردا بۇ جاڭگاللىقنىڭ هەممە يېرىنى لاي سۇ بېسىپ كېتى-
دىكەن، يۇرتنىڭ ئايىغىدا بىر چولڭ سۇ ئايرىش توسمىسى
بولۇپ، هەر يىلى كەلكۈن كەلگەندە يۇرت خەلقى رەهىم-
سىز كەلكۈن بىلەن ئېلىشىپ توسمىغا تىنىم تاپماي
ئىشلەپ، ئۆرە تۇرغۇدەك هالى قالمايدىكەن، شۇڭا
كەلكۈن كەلسىلا كىشىلەر هېلىقى يامانيارغا ئىشلەيمىز،
هەي جانغا زۇلۇم «يامانيار» دەپ ئاتىلىپتۇ.

«سۇبهانىئاللا» دېگەن بۇ يۇرت تەلۋەچۆك دەريا-
سى بويىدىكى يولغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يۇرتتا رابىيە-
سەئىدىن دېگەن بىر جۈپ ياش كىچىك چاغلىرىدىن
باشلاپ دەريا بويىدا قوي بېقىپ بىللە ئويناپ چوڭ
بوپتۇ، شۇ يۇرتتىكى دىنىي مەكتەپلەردە بىللە ساۋاق
ئېلىپ چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىپتۇ. ئۇلار يېشىنىڭ چوڭ-
يىشىغا ئەگىشىپ بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، قىيامەتلىك
ئاشىقلاردىن بولۇشقا ۋەدىلەر بېرىشىپ، ئۆز مۇهەببەتلى-
رىنى ئىزهار قىلىشىپتۇ. سەئىدىننىڭ ئاتا-ئانىسى بۇ ئىككى
ئاشىق-مەشۇقنىڭ بىر-بىرىگە بولغان ئەقىدىلىرىگە
هۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇهەببىتىنى ئۇلۇغلاپ، بۇ
ئىككىسىنىڭ توينى قىلىپ قويۇش ئۈچۈن رابىيەنىڭ داد-
سى ياقۇپ باينىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ. ياقۇپ باي
ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق قىزىنى نامرات ئائىلىنىڭ پەرزەنتىگە
ياتلىق قىلىشنى ئۆزىگە قىلىنغان هاقارەت دەپ بىلىپ،
ئەلچىلەرنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ. تېخىمۇ كۆپ ئابرۇيغا
ئىگە بولۇش ئۈچۈن قىزى رابىيەنىڭ هەسرەت- نالىسىغا
قارىماي، رابىيەنى تەلۋەچۆك دەرياسىنى باشقۇرىدىغان
كۆك بېشى جابىرغا ياتلىق قىلماقچى بوپتۇ. پاك ئىنسانىي
خىسلىتى جاهالەت تەرىپىدىن خورلانغان سەئىدىن مەشۇقى
رابىيەنىڭ ئىشقى پىراقىدا كۆيۈپ، ئاچچىق هەسرەت،
زۇلۇم دەستىدىن قان يۇتۇپ، ياش هاياتى بىلەن مەڭگۈ
ۋىدالىشىپتۇ. ياقۇپ باي رابىيەنى جابىرغا ياتلىق قىلىشقا
پۈتۈشۈپ توي كۈنىنى بېكىتىپتۇ. توي كۈنى سەهەردە را-
بىيە سىڭلىسى بىلەن سۇ ئەكىلىشنى باهانە قىلىپ تەلۋە
چۆك دەرياسى بويىغا بېرىپ سەئىدىننىڭ قەبرە بېشىدا
كۆز يېشى قىلىپ، ئامراق سىڭلىسىنى باغرىغا بېسىپتۇ،
ئاندىن جاهالەتكە ئىسيان ئېلان قىلىپ تەلۋەچۆك دەريا-
سىنىڭ سۇ ئالىدىغان كاچكۇلىغا ئۆزىنى ئېتىپ، غۇنچە
هاياتى بىلەن خوشلىشىپتۇ. رابىيەنىڭ جەستى ئېقىپ

بېرىپ يامانيار توسمىسىدىكى لاي-لاتقىلارغا كۆمۈلۈپ قاپتۇ. كېيىنكى يىلى توسما قۇرۇلۇشىغا ئىشلەۋاتقان خەلق رابىيەنىڭ جەسىتىنى توسما ئاستىدىن ئېلىپ، بۇ توسمىدىن بىر چوكان چىقتى دېيىشىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ توسما «چوكانيار» توسمىسى دەپ ئاتىلىپتۇ. بىر گۈزەل قىزنى چۆكتۈرۈپ كەتكەن بۇ دەريانى تەلۋە دەريا، چۆكتۈرمە دەريا، «تەلۋەچۆك» دەرياسى دەپ ئاتىشىپتۇ. بۇ ھەقتە نىزارى مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

سۈيى باردۇر ئاندا ئېتى تەلۋەچۆك،
بى غايەت مۇسەپپا ئۆزىدۇر چۈچۈك.

ھازىرقى زامان ئەدىبلىرىدىن ئەھمەد زىيائى ئەپەندىم تېخىمۇ روشەن شەرھلەپ مۇنداق يازىدۇ:

كىشى گەر سۇبھانىئاللادىن پىيادە،
قاراپ شەرققە يېرىم كۈندىن زىيادە.
مېڭىپ كەتسە مۇشۇ دەريانى بويلاپ،
پايانسىز ياپيېشىللىققا قاراپ.
كۆرىدۇ شۇنچە كۆپ قوزۇق قېقىلغان،
ھېسابسىز شاخ-شۇمبا، ئوت بېسىلغان.
ئېگىزدىن پەسكە سەكرەپ چۈشىدۇ سۇ،
ياساپ سانسىز كۆمۈش رەڭ قۇببىچە ئۇ.
ياسالسا بۇ قۇببىچىلەر قانچىلىك تېز،
يوقايدۇ ئۇ شۇنداقلا ئىزسىز.
بۇ يەردىن تەلۋەچۆك دەرياسى ھەر يىل،
ئېرىپ قار، ياغسا يامغۇر باشلىسا سېل.
ئېلىپ يار كېتىدۇ شۇ، بوش ياۋغا،
كىشىلەرنى سېلىپ جەبرى-جاپاغا.
بۇ يەرنى ئەل يامانيار دەپ ئاتايدۇ،
جاپا مېھنەت ماكانى دەپ قارايدۇ.
بولۇپ بۇ ۋەقە ئۆزگەردى نامى،
ئاتاشتى «چوكانيار» دەپ خەلق تامامى.

كىشىلەر ئاغزاكى «چوكانيار» ھەققىدە يەنە مۇنداق بىر تەپسىلاتمۇ تارقالغان:

تەلۋەچۆك دەرياسىدىكى يامانيار ئېغىزى بىر قانچە چوڭ دەريانىڭ تۈگۈنى بولۇپ، قىش ۋە ياز پەسلىدە دائىم دېگۈدەك كەلكۈن كېلىپ، تاشقىن ئاپىتى يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، خەلق يار ئېتىپ بولالماي، رەھىمسىز كەلكۈننىڭ جەبىر-جاپاسىدىن ئۆز ماكانلىرىنى تاشلاپ ياقا-يۇرتلارغا كۆچۈپ كېتىپتۇ. يۇرت چوڭلىرى ياقا-يۇرتتىكىلەر سۇ تۇتمىغان يارغا تۇرسۇن، توختى ئىسىملىك كىشىلەرنى باسسا، سۇ شۇ ھامان توختايمىش دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ، توختى ئىسىملىك كىشىلەرنى يارغا بېسىپتۇ. لېكىن ياردىكى سۇ ئېتىلمەپتۇ. بۇنداق ئىسىمدىكى ئەرلەرنىڭ ھايات قالغانلىرى ياقا-يۇرتلارغا چىقىپ كېتىپ جېنىنى ساقلاپتۇ. ئاخىر شۇ ئىسىمدىكى ئاياللارنى يار توسمىسىغا بېسىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن يامانيار توسمىسى «چوكانيار» توسمىسى دەپ ئاتىلىپتۇ.

(ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك رادىيو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە)


# بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز تەتقىقاتلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك ساھەدىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۈنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 0991 _ 4554017

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى



# ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە- رىۋايەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئاياللارنىڭ گۈزەللىك تەسۋىرى

ئابدۇغېنى مەمەت

ئادەمنىڭ تاشقى گۈزەللىكى، شەكىل گۈزەللىكىگە
تەۋە ئۇقۇم بولۇپ، چىرايىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن بەدەن
قۇرۇلمىسىنىڭ گۈزەللىكىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئىج-
تىمائىي تۇرمۇش مۇھىتى، تارىخى، ئېتنىك تەركىبى قاتار-
لىقلار ئوخشىمىغاچقا، چىراي گۈزەللىكى ۋە تەن گۈزەللى-
كى توغرىسىدىكى قاراشلىرى ۋە كونكرېت ئۆلچەملىرىدە
مۇئەييەن پەرق مەۋجۇتتۇر، شۇنداقلا ئەينى بىر مىللەت-
نىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي باسقۇچتىكى تەن شەكىل گۈزەل-
لىكىگە بولغان تەلىپىمۇ بىردەك ئەمەس. نۆۋەتتە بىز كۆ-
رۈۋاتقان بەش ئەزاسى بېجىرىم، يۈز پېشانىسى پارقىراق،
نۇر يېغىپ تۇرۇش، مەڭزى قىزىل بولۇش. يۈز تېرىسى
سۈزۈك ياكى بۇغداي ئۆڭ بولۇش، لېۋى قىپقىزىل،
چاچلىرى توم، قارا ياكى قوڭۇر، ئۇزۇن بولۇش، قاش
قارا، توم بولۇش، كۆزى چوڭ بولۇش، بۇرنى قاڭشار-
لىق، كىچىك بولۇش، چىشلىرى ئاق- تولۇق بولۇش...
قاتارلىق ئۆلچەملەر تارىخىمىزدا بىردەك، ئۆزگەرمىگەن
ئۆلچەم شەكىللىرى بولۇشى ناتايىن.

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە- رىۋايەت، يازما ھۆججەتلەر،
ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ۋە تاش كېمىرلەردىكى
رەسىم ۋە نەقىشلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلاردا جۇملە-
دىن قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىدا چىراي گۈزەللىكى ۋە
بەدەن گۈزەللىكى جەھەتتىكى تەسۋىرلەر ئالاھىدە گەۋدى-
لەنگەن. قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ چاچ، پېشانە،

قاش، كىرپىك، بۇرۇن، لەۋ، بويۇن، بىلەك، كۆكس، بەل، پۇت قاتارلىق ئەزالار ئۆز ۋاقتىدا گۈزەللىك، جەزبىدارلىق، لاتاپەتلىك، نازاكەتلىكتىن ئىبارەت گۈزەللىكنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىش ئورۇنلىرى بولغان.

1985-يىلى چەرچەن ناھىيەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى زاغۇنلۇق يېزىسىغا يېقىن قەبرىستانلىقتىن چىققان ئايالنىڭ يۈزىگە قىلغان گىرىملەر پەرداز مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى: «ئايالغا پېشانە، چېكە، مەڭزىنى ئاساس قىلغان ھالدا كۆز، بۇرۇن، ئۈستىنى بويلاپ ئېگەكلىرىگىچە سېرىق رەڭلىك بىر خىل مىنېرال بوياقتا ئۆزگىچە گۈللۈك شەكىل چىقىرىپ گىرىم قىلىنغان»① بۇ قەبرىستانلىقتىن كىشى زوقلانغىدەك رەڭدار خالتىلار ئىچىدە بىر كىچىك تېرە خالتا بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئىچىگە ئاق رەڭلىك ئۇپا قاچىلانغانلىقى، بۇ ئۇپىنى يۈزىگە سۈرتۈپ چىرايىنى بېزەپ كەلگەنلىكى، كۆيدۈرۈلگەن مېغىزلار بىلەن قاشلىق ئېتىدىغانلىقى مەلۇم. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دا: «ئەڭلىك ــ خوتۇنلار مەڭزىگە سۈرتىدىغان ئاچ قىزىل بوياق» (237)، «سۈركەش ــ قاش ۋە يۈزىدىكى ياۋايى تۈكلەرنى يىپلاپ ئېلىۋېتىش» قاتارلىق پەرداز بۇيۇمى ۋە پەردازلاش ئۇسۇللىرى سۆزلەنگەن. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە يەنە «ئۆگمەك» (228) دەپ ئاتايدىغان ئۇلانما چاچ ۋە ئۇلانما چاچ سېلىش ئادىتى، يۈزىگە يىپ سېلىش (230) ھەققىدىكى بايانلىرىدىن قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ زىننەتلەش، گىرىم قىلىش، يالغان چاچ سېلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار ئۇچرايدۇ.

قەدىمكى دەۋردە ئىلاھلارنى باش قەھرىمان قىلىدىغان مىفلاردا، قەھرىمانلىق داستان، ئېپوسلاردىكى ئىلاھلاشتۇرۇلغان باتۇرلارنىڭ مەشۇقلىرىمۇ ئىلاھ ۋە ئەزىمەتلەرگە مۇناسىپ ھالدا ئىلاھىيلەشتۈرۈلگەن، پەقەت ئىلاھىي سۈپەتنى ھازىرلاش شەرتى بىلەن پەرى، پەرىزات، پەرىشتە، ساھىبجامالار، ھەتتا «گۈزەللىكتە ئاي ۋە كۈننىمۇ خىجالەت قىلغۇدەك» سىياقتا تەسۋىرلەنگەن. ئاز بىر قىسىم ئېپوسلاردا كۆز، پېشانە، چاچلارنىڭ قانداق بولسا چىرايلىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە كونكرېت گۈزەللىك ئۆلچەملىرى تىلغا ئېلىنسىمۇ كۆپ قىسىم ئەپسانە-رىۋايەتلەردە ئابستراكتلاشتۇرۇلغان ئۇچۇرلارنى ئۇچرىتالايمىز. بۇ گۈزەللىك قاراشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بەدىئىي تارىخى بولغان «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئەڭ دەسلەپ بىر قەدەر روشەن گەۋدىلەنگەن. ئوغۇزخان ئاشىق بولغان ئىككى ئىلاھە قىزنىڭ كۆزىنىڭ ئاسماندەك كۆك، چېچىنىڭ سۇ ئېقىمىدەك دولقۇنلۇق، چىرايىنىڭ كۈندەك نۇرلۇق، چىشىنىڭ ئۈنچىدەك ئاپپاق، پېشانىسىدە چوغدەك قىپقىزىل مەڭىنىڭ بولۇشىنى ئاياللارنىڭ تاشقى گۈزەللىكىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسى دەپ قارىساق ئارتۇق كەتمەس.

ئۇيغۇرلارنىڭ يارالمىش ئەپسانىسى «ئاسمان پادىشاھى»، «ئەسما»، «ئاناختا»، «شېرىن قىز»، «مەلىكىنىڭ ئاي بولۇشى»، «چولپان يۇلتۇز»، «ئۇيغۇرلار»، «ئويچولپان»، «ئىپارخان»، «بەشكېرەم» قاتارلىق ئەپسانە-رىۋايەتلىرىدە قىز-ئاياللارنىڭ چىراي ۋە بەدەن گۈزەللىكى كونكرېتلاشتۇرۇلغان بولماستىن، ئابستراكتلاشتۇرۇپ مۇتلەق گۈزەللىكنى، ئىلاھىيەت گۈزەللىكنى نامايان قىلغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئاياللارنىڭ ئورنى ئەرلەردىن ئۈستۈن ئىدى دېگەن قاراش بويىچە دەللىلىگىنىمىزدە ماس ھالدا ئاياللارنى ئىلاھلاشتۇرۇش ئەرلەردىن بۇرۇنراق بولغان دېگەن ھۆكۈمگە كېلەلەيمىز. دەرۋەقە قەدىمكى خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىدە ئايال ئىلاھ، ئايال تەڭرى، ئايال باتۇرلار، ساھىبجامال پەرىشتىلەر ۋە ھۆر-پەرىلەر ئوبرازى خېلى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن.

«ئەسما پەرى»، «ھەۋۋا ئانا»، «سېھىرگەر مومايلار»، «بۆشۈك ئانا»، «ئوماي ئىلاھى»، «ئالانقۇۋا»، «ئەفرات ۋە توققۇز قىز»، «چولپان»، «يەكەن مەلىكىسى»، «تۇمارىس»، ئۇنىڭدىن باشقا قەنتۇرا (تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مومىسى ھېسابلانغان ئاياللارنىڭ نامى)، يەتتە قىزلىرىم (خوتەن، ئۈچتۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلاردا يەتتە قىزلىرىم نامىدا ئاتىلىدىغان كىشىلەر ئالاھىدە چوقۇنىدىغان مازار بار) ئۇيغۇر موما (قومۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارقالغان پەرىلەر ئوبرازى) قۇتقا (لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارقالغان پەرىلەر ئوبرازى) پەرىزات قىز (چۆچەكلەردىكى ئاق كۆڭۈل، جاسارەتلىك، ئەقىللىق قىزلارنىڭ تىپىك ئوبرازى) مەستانە كەمپىر (چۆچەكتىكى سەلبىي ئوبراز) بۆبۈش (بۇ دولان ئۇيغۇر ئارىسىدا تارقالغان ئەپسانە-رىۋايەتلەردىكى ئانا ئوبرازى) قاتارلىقلار ھەققىدىكى ئاغزاكى ئىجادىيەت مىساللىرىدىن شۇنى



كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەجدادلىرىمىز ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىيات-سەنئەت شەكلى بولغان ئەپسانە-رىۋايەتلەردە ئاياللار باش قەھرىمان ۋە ئىلاھ ياكى ئىلاھىي ئوبرازلار سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىمۇ ئەركىنرەك ۋە ئىززەتلىكرەك ئورۇندا بايان قىلىنغان. بۇ ئەپسانىلەردىكى ئاياللار ئوبرازىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار دۇنيانى ياراتقۇچى ئىلاھ، ئىنسانلارنى پەيدا قىلغۇچى بىرىنچى ئۇلۇغ ئانا، ئانىلارنىڭ ئانىسى، ئاجايىپ چىرايلىق، ئۇز تەسۋىرلىنىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «ئوغۇزنامە»دىكى ئۈچ قىز ئادەتتىكى قىزلار بولماستىن، ئەسما پەرى، ئوماي ئانىغا ئوخشاش ئىلاھىي ئوبراز، ساھىبجامال قىزلاردۇر. يەنى، يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى مۇھەببەت، گۈزەللىك ئىلاھىي ئەفرىدۇن، ياشلىق ئىلاھىي ھېبىغا ئوخشاش قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇرىدىكى مۇھەببەت، گۈزەللىك، ياشلىق ئىلاھىي بولۇشى مۇمكىن. بىرىنچى ساھىبجامال قىز نۇردىن چۈشكەن بولغاچقا كۆك (يورۇقلۇق) ئىلاھىنىڭ قىزى بولۇشى، ئىككىنچى ساھىبجامال قىز دەرەخ كاۋىكىدا پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئۆسۈملۈك (دەرەخ) ئىلاھىنىڭ قىزى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىككى ساھىبجامال قىز تەسۋىرىگە يەنە ئوغۇزخاننىڭ ئانىسى «ئايخان»نى قوشقاندا ئۈچ ئايال ئىلاھ ھەققىدىكى ئەپسانىۋى ئۈچۈر بار.

«ئوغۇزنامە»دە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىك ئۆلچەملىرى ھەققىدىكى قاراشلار باشقا ئەپسانە-رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بىر قەدەر كونكرېت بولۇپ، چىراي گۈزەللىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان پېشانە، كۆز، چاچ ھەققىدىكى تەسۋىرلەر ئاندا-ساندا ئۇچرايدۇ. بۇنداق تەسۋىرلەر تاش كېمىر سەنئىتىدىكى رەسىم شەكلىدە ئىپادىلەنگەن دىنىي ئەپسانىۋى ھېكايىلەردە يوق دېيەرلىك. «ئوغۇزنامە»دە: «ئوغۇز خاقان بىر يەردە تەڭرىگە سېغىنىۋاتقاندا، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ ئاسماندىن بىر كۆك نۇر چۈشتى. ئۇ كۈندىنمۇ نۇرلۇقراق، ئايدىنمۇ يورۇقراق ئىدى. ئوغۇز خاقان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا، بۇ يورۇقنىڭ ئىچىدە بىر قىز تەنها ئولتۇرغان، ئۇ بىر ساھىبجامال قىز ئىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە چوغدەك پارقىراق مېڭى بار بولۇپ، خۇددى تۆمۈر قوزۇققا ئوخشايتتى. ئۇ قىز شۇنداق گۈزەل ئىدى. ئۇ كۈلسە، تەڭرىمۇ كۈلەر ئىدى. ئۇ يىغلىسا، تەڭرىمۇ يىغلار ئىدى... ئوغۇز خاقان ئوۋغا چىقتى. ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ دەرەخنى كۆردى. ئۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر قىز تەنها ئولتۇراتتى. ئۇ ئىنتايىن ساھىبجامال ئىدى. ئۇ شۇنداق ساھىبجامال ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاسماندىنمۇ كۆكرەك، چېچى سۇ ئېقىمىدەك، چىشى ئۈنچىدەك ئىدى. ئۇ شۇنداق ساھىبجامال قىز ئىدىكى، يەر-جاھاندىكى كىشىلەر ئۇنى كۆرسە ‹ئاھ، ئاھ جانىنى ئالدىكەن›دەرلەر ئىدى...»② دېيىلىدۇ. يۇقىرىقى تەسۋىرلەردىمۇ ئىككى قىزنىڭ بەدىنى توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىلمىگەن. ئىككى قىزنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ئىكەنلىكىنى، چاچ، پېشانە، كۆزنى تەسۋىرلەش ئارقىلىقلا كۆپايىلەنگەن. يۇقىرىقى بايانلاردا ئۇچرايدىغان پېشانىدىكى چوغدەك قىزىلمەڭ، ئاسماندىنمۇ كۆكرەك كۆز، سۇ ئېقىمىدەك چاچ، ئۈنچىدەك چىش قاتارلىق تەسۋىرلەر شۇ دەۋر ئاياللىرىنىڭ چىراي گۈزەللىكى توغرىسىدىكى ئەڭ يۇكسەك ئۆلچەملىرىنىڭ بەدىئىي شەكىلدە ئىپادىلىنىشىدۇر. بۇ يەنە ئىلاھىيەلەرنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمى، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «بوگۇ خاقان ھەققىدە رىۋايەت»تىمۇ بوگۇخان بىلەن مۇڭداشقان قىزمۇ پەرى سۈپىتىدە ئابستراكت تەسۋىرلىنىدۇ.

«ئۇماي ئەپسانىسى ۋە رىۋايەت»تىمۇ ئۇماينىڭ
تەسۋىرى ھەر خىل بېرىلگەن. «تاغ-دەريالار قۇرۇئى»دا
ئۇماي بەزىدە چاچلىرى پاخپايغان، يولۋاس چىشلىق،
مۈڭگۈزلۈك، قاپلان قۇيرۇقلۇق ئىلاھىي ئادەم دېيىلسە،
بۇ ئۇماينىڭ ئەسلىي قىياپىتى غەربىي چاڭلارنىڭ ئانا
يولۋاس توتېمى بىلەن ئۇماينى ئىلاھلاشتۇرۇش، غايىۋد-
لەشتۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. «خەنزۇ-
دىنىڭ ئىچكى تەرجىمھالى»دا 30 ياشتىكى پەرىزاتتەك
چىرايلىق ئايال دەپ ئابستراكت تەرىپلەنگەن. «ياستۇقنا-
مە»دە بەزىدە ئىپتىدائىي تەڭرىنىڭ قىزى، نازاكەتلىك،
مېھرىبان ئايال، توققۇز نۇرلۇق پەرىشتە دەپ ئاتىلىپ،
ھەقىقىي ئۇماي دەپ نام ئالغان ۋە پەرىشتىلەرنىڭ داھىي-
سى قاتارىغا قويۇلغان⑤، بۇمۇ ئابستراكت تەسۋىردۇر.
غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتىدە ئوردا گۈزەللىرى
ياكى باشقا گۈزەل ئاياللارنىڭ ھەيكەل ۋە رەسىملىرىدە
بەدەن گۈزەللىكى بەدەن سەنئىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ نا-
ھايىتى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

بۇددا دىنىغا ئائىت بولغان رىۋايەت «پادماۋاتى»نىڭ
325-ياپراق قىسمى 45-قۇردىن باشلاپ پاتماۋاتى ئاتلىق
بىر قىزنىڭ تەسۋىرى مۇنداق بېرىلگەن: «يەنە ئۆتمۈش
زاماندا ساكيامۇنى بۇرخان بۇددىساتۋالىق يولدا يۈرگەن
چاغدا پاتماۋاتى ئاتلىق قىز بار ئىدى. ئۇنىڭ تۇرقى-چى-
رايى دۈگلەك ئاي تەڭرىدىنمۇ (14 كۈنلۈك تولۇق ئاي-
دىنمۇ چىرايلىق) سۆيۈملۈكرەك، كۆز قاپقى تۈپتۈز،
قېشى، كىرپىكى كۆك رەڭلىك، پارقىراق، كەڭ پېشانىلىك،
بۇرنى چىرايلىق، چىشلىرى تىزىلغان ئۈنچىدەك ئاجايىپ
ئاپپاق، يۇقىرى-تۆۋەن لەۋلىرى قىزىل نىلۇپەر گۈلى
رەڭگىدە، بېلى قورمۇزتا تەڭرىنىڭ ئالماس قوزۇقىدەك
ئىنچىكە بولۇپ، كەڭ كۆكسىدىكى بىر جۈپ ئەمچىكى تې-
خىمۇ ياراشقانىدى»③ بۇ رىۋايەتتە پاتماۋاتى ئاتلىق
قىزنىڭ تاشقى گۈزەللىك تەسۋىرى ناھايىتى كونكرېت
ھالدا چىراي گۈزەللىكى بەدەن گۈزەللىكى بەكلا روشەن
گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بىز بۇنىڭدىن بۇددا دىنىي ئەپسانىلى-
رىدە ئاياللارنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمىنىڭ رېئاللىققا يېقىن-
لاشقانلىقىنى، كونكرېتلاشقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بۇد-
دىزمنىڭ ھىنايانا مەزھىپىگە مەنسۇپ «قەدىمكى ئۇيغۇر
يېزىقىدىكى مايترى سىمىت»نىڭ 2-بۆلۈم بەشىنچى ۋاراق-
تا تەڭرى بۇرخاننىڭ 32 تۈرلۈك بەخت-سائادەتلىك بەل-
گىسى بايان قىلىنىدۇ: «بۇتىنىڭ ئۇلى ئەينەكتەك تۈپتۈز،
بارماقلىرى شام يالقۇنىسىمان يىمشىتەك تۈپتۈز ئۇزۇن،
سۆڭەكلىرى ئۈيسىز-دۆڭسىز (تەكشى)، قولى پاختا-كې-
ۋەزدەك يۇمشاق-يۇمران، بۇتىنىڭ يۈزى كۆتۈرۈلگەن،
دۇپدۇمباق بولىدۇ. يوتىسى ئىپار كېيىك يوتىسىدەك
كۆرۈپ قانغۇسىز، چىرايى تاۋلانغان ۋە پەردازلانغان ئال-
تۇنغا ئوخشاش بولىدۇ، بەدەن قىياپىتى ئىنايىن نازۇك ھا-
مىلدار ئاياللارنىڭكىدەك بولىدۇ. بەدىنى يۇلۇندەك تىك
ۋە كۆرۈپ قانغۇسىز (چىرايلىق)، تولۇق 40 چىشى تىزىل-
غان، ئەيىبسىز-نۇقسانسىز، تۈپتۈز ئاپپاق ئۈنچىدەك،
كۆزى كۆكۈش ئۆڭلۈك، كىرپىكى قوتاز بۇقىنىڭكىدەك
بولىدۇ»④ بىز يۇقىرىقى بەلگىلەردىن ساكيامۇنىنىڭ
ئىلاھلىق ئوبرازلىرىغا ئاجايىپ گۈزەل ئوخشىتىشلارنىڭ
بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەنگەنلىكىنى، ئامال بار ساكيامۇنى-
نىڭ تاشقى قىياپىتىنى ئەڭ گۈزەل سۈپەتلەر ئىپادىلەپ
بەرگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇددا دىنىي مۇخلىسلىرىمۇ
ئەلۋەتتە «ئەڭ گۈزەل ئوخشىتىش تەڭرىگە خاستۇر»
دەپ قارايدۇ. بۇ خىل گۈزەللىك ئۆلچەملىرىنىڭ ۋە گۈ-
زەللىك شەكىللىرىنىڭ شۇ دەۋردىكى كىشىلەر تەرىپىدىن
ئەڭ يۇقىرى گۈزەللىك پەللىسى دەپ قاراپ كەلگەنلىكى-
نى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. بۇ تەسۋىرلەر شۇ دەۋردىكى
ئاياللارنىڭمۇ چىراي گۈزەللىكى ۋە بەدەن گۈزەللىك
ئۆلچەملىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىز
بۇددا تام رەسىملىرىدە ئاياللارنىڭ تولغان تاشقى قىياپەت
تەسۋىرلىرى ئەينى دەۋردىكى ئاشۇ ئۆلچەم بىلەن مۇنا-
سىۋەتلىك دەپ قارىيالايمىز، شۇنداقلا ئەينى دەۋر كىشى-
لىرىنىڭ ئاشۇنداق سۈپەتتىكى ئاياللارنى ئەڭ گۈزەل
ئايال دەپ قارىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلالايمىز.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن «غەربىي يۇرت تاش
كېمىر سەنئىتى» ناملىق كىتابىدا: «‹2-، 3-ئەسىرگە تە-
ئەللۇق سوغدى ئىلاھەسىنىڭ قاشلىرى تۇتاشقان، قوللىرى-
نى كۆكسى ۋە بېلىگە ئېلىپ تۇرغان كېيىنگەن قاپارتمىلىق
ھەيكىلى› (83-بەت)، ‹دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىلغان تام
رەسىملىرىدىن ئەڭ مەشھۇرى «قۇتلۇق تەڭرى خاتون»
ناملىق ئەسەر بولۇپ، ئايال ئوڭ قولى بىلەن كۆكسىنى،
سول قولى بىلەن كىندىكىنى يېپىپ ئەۋرىشىم «S» شەك-
لىنى ھاسىل قىلغان.› (107-بەت). «پېللىئوت تۇمشۇق
توققۇز ساراي بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن بىر

تۇركۇم رەڭدار گەج ھەيكەللەرنى تاپتى. ئۇنىڭ بىرى
ئۇستى يېرىم كۆكسى ئوچۇق، ئاستى قېلىن كىيىندۈرۈل-
گەن ئايال شەكلىدىكى ھەيكەل بولۇپ، قىياپىتى ۋە تارد-
ىشى يەرلىك ئاياللار قىياپىتىنى تىپىك ئەكس ئەتتۈر-
گەن.»» (121 ـ بەت) دەپ يازىدۇ. ئاياللارنىڭ تاشقى
گۈزەللىكىگە مۇناسىۋەتلىك يۇقىرىقى بايانلاردىن قارىغاند-
ىدا، ئاياللارنىڭ گۈزەللىك تەسۋىرى كونكرېتلىقتىن ئىنچە-
كىلىككە قاراپ ماڭغان، نۇقۇل يۈز قىسمىنى تەسۋىرلەش-
تىن كۆكسى، بەل، قوللارمۇ گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بارا-
بارا يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ گۈزەل سىماسى، مىللىي گۈزەل-
لىكى ۋە تەن قۇرۇلۇشى ئەكس ئېتىشكە باشلىغان.
«غەربىي يۇرت تاش كېمىرلىرىدە كۆسەن ئۇچار مالائىكە-
لىرى چوڭ-چوڭ كۆزلۈك، كەڭ پېشانە، يۇملاق يۈز،
قاڭشار بۇرۇن، بەدىنى ئۆلچەملىك گۈزەل، ھەرىكىتى
چاققان، ھېسسىياتچان، روھىيتى مەغرۇر، ئەركىن ۋە ئە-
شەنچلىك قىلىپ سىزىلغان بولسا، ھىندىستاننىڭ ئاجانتا ۋە
قەندىھار غارلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئاسمان مالائىكىلىرى
سېمىز، پاكار ۋە كىچىك سەبىي قىزچاقلارنى ئاساس
قىلغان. باللارمۇ تولغان بەدەنلىك ئاياللار شەكلىدە سى-
زىلغان» (315 ـ، 317 ـ بەت)⑥ بىز غەربىي يۇرت تاش
كېمىر سەنئىتىگە تالىق رەسىملەردە مىللىي پاسوندىكى
ياشلارنىڭ ئوبرازىنىڭ قاشلىرى ئىنچىكە، قوش قاپاق،
بۇرۇنلىرى ئېقىپ چۈشكەندەك، بويۇنلىرى ئۇزۇن،
كۆكسى روشەن چەمبەر شەكلىدە، بەللىرى ئەۋرىشىم،
زىلۋا، بىلەكلىرى ئورۇق، ئۇزۇن بارماقلىرى ئۇزۇن
قىلىپ سىزىلغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. غەربىي يۇرت تاش
كېمىر سەنئىتىدە (رەسىم سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن قەدىم-
كى بۇددا دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئەپسانە-رىۋايەتلەردە)
بەدەن گۈزەللىكىنىڭ ئاساسىي ئورنىغا قويۇلغان. گۈزەل
قىزلار، بولۇپمۇ ئوردا گۈزەللىرى قەندىھار غارلىرىدىكە-
دەك يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە كۆپلەپ سىزىلماس-
تىن يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ ھالەتلەر كىيىندۈرۈلگەن ھا-
لەتتە سىزىلغان. ئاسمان مالائىكىلىرى قەندىھار غارلىرىدى-
كىدەك سېمىز، پاكار سىزىلماستىن چوڭ كۆزلۈك، كەڭ
پېشانە، يۇملاق يۈز، قاڭشار بۇرۇن، بەدىنى ئۆلچەملىك،
ھەرىكىتى چاققان ۋە ھېسسىياتچان ھالەتتە گەۋدىلەندۈ-
رۈلگەن. ئۇسسۇللۇق قىياپەتلىرى ھىندىستانچە «Z»
شەكلىدىن پەرقلىنىپ «S» شەكلىدە ئەۋرىشىم سىزىلغان.
كۆسەندە بىر قەدەر كۆپ سىزىلغان يالىڭاچ، يېرىم يالى-
ڭاچ فىگۇرلارنىڭ مەقسىتى بولسا ئاۋۋال كۆزنى گۈزەل-
لىك بىلەن ئاداشتۇرىدىغان يالاڭ ۋە گۈزەل ئوبرازلارنى
كۆپلەپ سىزىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەشنى تە-
كىتلەش، ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بولۇشى
مۇمكىن. شەھۋانىلىقنى تەرغىب قىلىش ئۇچۇن بولۇشى نا-
تايىن، ئەلۋەتتە. ئالايلۇق، «غەربىي يۇرت تاش كېمىر
سەنئىتى» ناملىق كىتابنىڭ 125 ـ رەسىم «ساكيامۇنىنىڭ
ھېكمەت سۆزلىشى» ناملىق رەسىمدە ساكيامۇنىنىڭ بىر
يالىڭاچ گۈزەل بىر قىزنى دەسسەپ تۇرۇپ ھېكمەت
سۆزلىشى بايان قىلىنىدۇ. ساكيامۇنىنى ئاداش-
تۇرماقچى بولغان يالىڭاچ ۋە گۈزەل ئالۋاس-
تى قىزلار سەت موماي قىلىپ بايان قىلىنغان.
«بۇددىھانىڭ تۇغۇلۇشى»، «تەسلىم بولغان
ئۈچ ئايال ئالۋاستى» قاتارلىق رەسىملەر
بۇنىڭ تىپىك مىسالى. مەقسەت: ئەخلاقىي
تەربىيەنى كۈچەيتىش، ئىرادىسىنى تاۋلاش،
ئۆزىنى پاكلاپ گۇناھىنى يۇيۇش ئۇچۇندۇر.
يەنى گۈزەل قىزلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا
ئالدانماسلىق، ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ
پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىبادەت-ئىستىقامەت
قىلىش، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەش ئۇلگىلىرى
رەسىم ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرۇلغان ھەم
تەكرار سىزىلغان. بۇ ھەرگىزمۇ جىنسىي



ئەركىنلىككە ئىنتىلىشنى تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن بولمى-
غان. دېمەكچىمىزكى، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئايالىلىرى-
نىڭ ئاشۇ رەسىملەردە كۆرسىتىلگىنىدەك يېرىم يالىڭاچ
ھالەتنى گۈزەللىك ئۆلچىمى دەپ قارىغانلىقى ناتايىن،
بەلكى بۇلار ئەڭ گۈزەل، ئەڭ تېپىك بولغان ئىنسان بە-
دىنى گۈزەللىكىنى دىنىي يېپىنچا ئاستىدا ئەكس ئەتتۇ-
رۇش، مۇشۇنداق ئېزىتقۇلاردىن يىراق تۇرۇشنى تەكىت-
لەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

كۆسەن ۋە قوچۇ تاش كېمىرلىرىدە سىزىلغان ئايال-
لارنىڭ تېنلىرى بىر قەدەر تېپىكلاشقان ھالدا يەرلىك ئاھا-
لىلەرنىڭ قىياپىتى ۋە ھەرىكىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا سى-
زىلغان بولۇپ، ھازىر بىز كۆرۈۋاتقان تاشقى گۈزەللىك
ئۆلچەملىرىگە بىر قەدەر يېقىنلاشقان.

تاش كېمىرلەردىكى دىنىي ئەپسانە-رىۋايەتتىن باشقا
بىزگىچە يېتىپ كەلگەن، قەلەمگە ئېلىنغان ئەپسانە-رىۋا-
يەتلەرگە قاراپ باقىدىغان بولساق، ئەپسانىلەردە چاچ، قاش،
كۆز، بۇرۇن، يۈز، قاپاق، بەل، كۆكسى، ساغرا، يوتا، پا-
قالچاق ھەققىدە تەسۋىرلەر ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ. «ئە-
سما»دا: «تەبىئەتتىكى بارلىق ھادىسىلەر شۇ پەرىنىڭ
كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن كېلىپ چىققان. يەنى، پە-
رىشتە كۆزىنى ئاچسا قۇياش چىقىپ پۈتكۈل كائىناتنى يو-
رۇتىدىكەن. ئۇ ئۇخلىسا پۈتكۈل جاھاننى زۇلمەت باس-
ىدىكەن. يىغلىسا يامغۇر ياغىدىكەن، كۈلسە قار ياغىدى-
كەن. ئاغزىنى ئاچسا بوران چىقىدىكەن، نەپەس ئالسا
شامال چىقىدىكەن. قاپىقىنى تۈرسە ھاۋا بۇزۇلىدىكەن، قې-
شىنى ئاتسا ھەسەن-ھۈسەن پەيدا بولىدىكەن. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئەسما پەرى دەپ ئاتايدىكەن.»⑦ مەلۇمكى،
پۈتكۈل ئەپسانىدە ئەسما پەرىنىڭ بەدىنى توغرۇلۇق
ھېچقانداق بايان بېرىلمىگەن، پەقەت يۈز قىسمىدىكى
ھەرقايسى ئەزالارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن بولغان
زىچ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئوبرازلىق تەسۋىرلەرلا
بېرىلگەن. بۇ تەسۋىرلەر ئىچىدە كۆز توغرىسىدىكى تەس-
ۋىرلەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئەجدادلار-
نىڭ كۆزگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈ-
رىدۇ. «شېرىن قىز»دا، شېرىن دېگەن قىزنىڭ گۈزەللىكى
مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «شېرىن دېگەن قىز شۇنداق
گۈزەل ئىكەنكى، ئۇ تۇغۇلۇپ بالاغەتكە يەتكەندىن

كېيىن، ھۆسن-جامالىنىڭ تەرىپى پۈتۈن ئالەمگە يېيىلغان-
كەن. شۇ زاماندا دۇنيا بويىچە ئاي ئۆزىنى چىرايلىق
ساناپ، يەر يۈزىدە يۈرەر ئىكەن. ھەممە كىشى گۈزەل-
لىكتە تەڭدىشى يوق، دەپ ئاينى ماختايدىكەن. شېرىن
قىز بالاغەتكە يېتىپ گۈزەللىكى كۈندىن-كۈنگە ئاشقان-
دىن كېيىن، ئادەملەر ئاينى ماختاش ئورنىغا شېرىننى
ماختاپ، ئۇنىڭ ھۆسن-جامالىنى تىللاردا داستان قىلىش-
ىدىغان بوپتۇ»⑧ «چولپان يۇلتۇز»دا: «بۇرۇنلارنىڭ بۇ-
رۇنىسىدا قارلىق تاغنىڭ ئېتىكىدە بىر ئوۋچى بوۋاي ئۆت-
كەنىكەن. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە چاچلىرى قارلىق تاغنىڭ قا-
رىدەك ئاپپاق كەمپىرى بىلەن تال بويلۇق، ئاي يۈزلۈك،
ئاھۇ كۆزلۈك، سۇمبۇل چاچلىق بىر گۈزەل نەۋرىسىمۇ
بار ئىكەن» دېيىلىدۇ⑨ «ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە رىۋايەت-
لىرى» دېگەن كىتابتا «ئۇيغۇرلار» ماۋزۇ ئاستىدىكى
ئالتە پارچە ئەپسانە-رىۋايەتلەر بېرىلگەن. بۇنىڭ 5-ۋە 6-
دە ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ مەلىكىرى «بۇ قىزلار ناھايىتى چى-
رايلىق ئىكەن. بۇ ئەلدىكى ئادەملەر ئۇ قىزلارنى پەرىلەر
دېيىشىدىكەن. پەقەت تەڭرىلەر بىلەن جۈپ بولۇش
ئۈچۈن يارىتىلغانلاردەك ئىكەن» ⑩ دېيىلىدۇ. «قارا بۇغرا-
خان» دا قارا بۇغراخان دېگەن بىر پادىشاھ بار بولۇپ،
ئۇنىڭ پايتەختى قەشقەر ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ
ئوۋ قىلىپ يۈرۈپ، سۇ بويىدا بېيىت ئېيتىپ ئولتۇرغان
بىر گۈزەل قىزنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ
قاپتۇ⑪ دېيىلسە، «ئويچولپان»دا تۆپىلىكنىڭ ئاستىدىكى
يېشىللىقتا پۈركەنگەن باغدىكى ئانار شاخلىرى ئارىسىدا
خۇددى تىنىق كۆكتە يالتىراپ تۇرغان چولپاندەك بىر سا-
ھىبجامالغا تىكىلىپ تۇرۇپ قاپتۇ⑫ دەپ بايان قىلىدۇ.
«مەلىكە ئامانىسا خېنىم»دا سۇلتان قىزنىڭ مۇھەببىتىدە
كۆيۈپ، بىھوش بولۇپ كەتتى⑬ «ئىپارخان»دا، ئەمىر
مۇھەممەدخاننىڭ نۇرئەلانۇرخان ئىسىملىك بىر نەۋرىسى
بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئىكەن. بۇ پە-
رىزات سۈپەتلىك قىزنىڭ بويىدىن تەبىئىي ئىپار پۇراپ تۇ-
رىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىسمىنى كىشىلەر «ئىپار-
خان» دەپ ئاتاشقانىكەن⑭ «ئويتوغراق»دا، بۇلارنىڭ
ئارزۇلۇق، گۈزەل بىرلا قىزى بار ئىكەن. بۇ يۇرتقا بىر
رەسسام كېلىپ قاپتۇ. ئۇ قىزنىڭ ھۆسنى-لاتاپىتىدىن
ھەيران بولۇپ، دەرھال قەلەم-بوياقلىرىنى ئېلىپ،

قىزنىڭ رەسمىنى سىزىشقا باشلاپتۇ. تۇيۇقسىز ھاۋا ئۆزگىرىپ، قۇيۇن چىقىپ رەسىمنى ئۇچۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا ئاپىرىپ تاشلاپتۇ. پادىشاھ بۇ پەرىزاتنى كۆرۈپ غايىبانە ئاشىق بوپتۇ⑮ «بەشكىرەم»دا، بۇنى ئاڭلىغان جەننەت قىزلىرى، قىز بولغاندىمۇ نۇردىن يارىتىلغان ساھىبجامالىرى بۇ يەرگە كېلىپ قىزىلگۈلنىڭ سەرخىللىرىدىن يۈزلىرىگە رەڭ ئاپتۇ، مېۋىلىرىنىڭ شىرنىلىرىنى لەۋلىرىگە سۈرتۈپ، لەۋلىرىنىڭ تەمىنى ئاشۇرۇشۇپتۇ. قىزلىرى تەڭداشسىز گۈزەل ئىكەن. ئاي بۇ قىزلارنى كۆرۈپ ھەسەت بىلەن بۇلۇت ئارقىسىغا قاچىدىكەن⑯ «شاھزادە ئەرۋۇز بىلەن مەلىكە ئەنگىز»دا بىزنىڭ خانىنىڭ ھۆسن-جامالدا تەڭدىشى يوق بىر قىزى بار، ئۇنىڭ ئىسمى مەلىكە ئەنگىز⑰ دېگەندەك تەسۋىرلەر يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ دەلىلىدۇر.

ئومۇمەن قىلغاندا، ئەپسانىلەردىكى باش قەھرىمان ئىلاھ بولغاچقا، ئۇلارنى تۇغقان ئاياللار، خوتۇنلۇققا تاللانغان قىزلار ۋە قىز مەلىكىلىرى ئاياللار بەدەن گۈزەللىكىنىڭ ئالامەتلىرى ئاممىباب قاراشلاردىن ھالقىپ ئىلاھلارغا ئوخشاش سىرلىقلاشتۇرۇلغان، كەم-كۈتىسىز گۈزەللىك ۋە ئىلاھىيەت گۈزەللىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. بىز بىر قىسىم ئەپسانە-رىۋايەتلەردىن ئاياللارنىڭ كونكرېت گۈزەللىك بەلگىلىرى ھېسابلانغان چاچ، پېشانە، قاش، قاپاق، كىرپىك، كۆز، بۇرۇن، قۇلاق، ئېڭەك، بويۇم، مۇرە، كۆكسى، بىلەك، بەل، پۇت قاتارلىق ئەزالارنىڭ ئەڭ گۈزەل سۈپەت تەسۋىرىنى كۆپ ئۇچراتمايمىز. بۇ ئەپسانە-رىۋايەتلەردىكى ئاياللار تەسۋىرى ئۇلاردىكى بەدەن ئالامەتلىرى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى ئىلاھلارنىڭ ياكى قەھرىمانلارنىڭ قانداق رەۋىشتە ئاشىق بولغانلىقى بىلەن ئۆلچەنگەن، شۇڭا گۈزەل قىزلارنىڭ ئايدەك جامالى-رۇخسارىغا شەيدا بولۇش، بىر كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىش، قاراپ ئولتۇرۇپ غىزا يېيەلمەسلىك قاتارلىق تەسۋىرلەر ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىنىڭ مۇتلەقلىق ئۆلچىمى بىلەن بىرلىشىپ، رېئال تۇرمۇشتىن ھالقىپ كەتكەن دەرىجىدە ئابستراكت تەسۋىرلەنگەن، بىر جۈملە بىلەن قەيتلەنگەندە، قەھرىمانلارنى شەيدا قىلىش گۈزەللىكنىڭ نەتىجىسى ۋە ئۆلچىمىدۇر. بىر قىسىم بۈگۈنكى دىنى مەزمۇندىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر ۋە تاش كېمىردىكى رەسىملەر ۋە ھەيكەللەردە تەبىئىي بەدەن گۈزەللىكى ئالامەتلىرى، بەدەن گۈزەللىكىگە بولغان ئۆلگىلىك قاراشلار روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بەدەن سەنئىتى بەزىدە ئىگىنىسىز ئادەم بەدىنىنى ئاساس قىلغان، رەڭلەر ئۆزگىرا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىپ، كىيىمدە بەدەن كۆرۈنىدىغان، بەدەندە بەدەن گۈزەللىكى جىلۋىلىنىدىغان ئىستېرېئولۇق ھالەتتە نامايان قىلىنغان. بۇ ئەڭ قەدىمكى ئەپسانىلەرنىڭ ئارىلىقى بىزدىن قانچە يىراقلاشقانسېرى، ئاياللارنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمىنىڭ توختاۋسىز رېئاللىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن.

ئىزاھاتلار:

① «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، (مەجمۇئە) 1998-يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئابدۇقەييۇم خوجىنىڭ «چەرچەن ناھىيەسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئېسىل يادىكارلىقلار» ناملىق ماقالىسى، 155-157 بەتلەر.

② قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى داستانە «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل نەشرى، 44-،50-بەتلەر.

③ ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1955-يىللىق 9-ئاي 1-نەشرى، 25-بەت.

④ ئىسرائىل يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى تەتقىقاتچىلىرىمىز ئىشلىگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايترى سىمىت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىلى 7-ئاي 1-نەشرى، 53-، 54-بەتلەر.

⑤ شىنجاڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى توپلىمى، 1-قىسىم، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى بىلەن شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى، 2012-يىللىق 5-ئايلىق 1-نەشرى، 123-بەت.

⑥ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىلى 8-ئاي 1-نەشرى، 83-، 107-، 121-، 317-، 315-بەتلەر.

⑦ ئابدۇكېرىم راخمان: «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر»، 1985-يىلى، 99-بەت.

⑧، ⑨، ⑩، ⑪، ⑫، ⑬، ⑭، ⑮، ⑯، ⑰ «كۆك ياللىق بۆرە» نامىدىكى ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە-رىۋايەتلىرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىل نەشرى 2-ئاي 1-نەشرى، 16-، 76-، 77-، 137-، 239-، 213-، 302-، 248-، 373-، 347-بەتلەر.

(ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسى)

# ئۇيغۇرلاردا ياغاچچىلىق مەدەنىيىتى



ئابدۇخېلىل مىرخېلىل

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى، ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى تارىختىن بۇيان، ياغاچ ۋە ياغاچ بۇيۇملىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار ئانا باغرىدىن ئىگەلەپ تەۋەللۇت قىلىنغان بوۋاقنىڭ كىندىكىنى بىرىنچى بولۇپ ياغاچتا ساپلانغان ئۇستىرا بىلەن كېسىدۇ. قىرقى ئىچىدە ياغاچتىن ياسالغان بۆشۈككە سالىدۇ. قىرقى سۈيىنى قۇيغاندا قىرقى سۈيىگە كۆۋرۈك ياغىچى چىلايدۇ. بالىنىڭ قىرقى سۈيىنى قۇيغۇچى نارەسىدە بالىلارغا تارقىتىدىغان ھالۋىنى ياغاچ قوشۇق بىلەن تەقسىملەيدۇ. خەتنىسىنى قىلغان بالىنىڭ خەتنىلىكىنى ياغاچقا ئېلىپ، ئۆينىڭ لىم ياغىچىغا قىستۇرۇپ قويىدۇ. قىزلارنىڭ قۇلىقىنى تەشكەندە ئاۋۋال چاي شامىسىنىڭ ياغىچىنى ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. ئويۇن يېشىدىكى بالىلار قىش كۈنلىرى پىرقىرىغۇچ، چانا، كانكى، ۋاللەي تايىقى، پەن پارچىلىرىدىن تۈرلۈك ئويۇنچۇق ئورۇندۇقلارنى ياساپ ئوينايدۇ. توپلاشقان قىز-يىگىتلەرگە

يۇز ئاچقۇ كۇنى بېرىلىدىغان چوڭلارنىڭ تەلىملىرىدە «ئۇچى ئۇزارغاي، يىلتىزى كېڭەيگەن» دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. ئۆي-ئوچاقلىق بولغان باللار ئۆي ئايرىغاندا ياغاچتىن ياسالغان نان تاختا، ئاشتاختا-نوغۇچ، تەڭنە، ئاياغ، شىرە، قوشۇق، دۇشە، تۇۋاق قاتارلىق تۆشۈك جابدۇقلىرى ۋە كات، ئورۇندۇق، ئىشكاپ قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن قوشۇپ ئايرىپ قويىدۇ. قىسقىسى، ئادەمگە قازا يېتىپ ئۆلگەندىمۇ ياغاچتىن ياسالغان تاختىپوشتا يۇيۇپ، جىنازىغا سېلىپ قەبرىستانلىققا ئاپىرىپ، بەزى يەرلەردە لەھەت ئېغىزىنى تاختاي توغرامچىلىرى توسۇپ دەپنە قىلىدۇ.

دېمەك، ئادەتتىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن تارتىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قول ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ سايمان-جابدۇقلىرىغىچە بولغان ئارا-سۇپۇرگە، كەتمەن-كۈرەك، پىچاق-قىڭراق، كەكە-پالتا، سوقا-سورەم، ھارۋا-تولۇق، قامچا-ئېگەر، بولقا-بازغان، سەندەل-كۆيەك، چاق-دەستگاھ، دۇپى-دىرەش، گۈندا-باشكا، بۇل-گۈگۈسۈن، شوتا-ئۇلتاڭ، دوقا-بويۇنتۇرۇق، ئوق-لەنگەر، ساندۇق-كۇرە، سىرغا-قىسقۇچ، مۇشتا-رەزەندە، جىمبىل-قاسقان، زىخ-كۆسەي، خامپا-سۇكەن، كەرگە-قېلىپ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ياغاچ ۋە ياغاچچىلىق قول ھۈنەر-سەنئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاندىن سىرت، ئولتۇراق ئۆي، مەسچىت-خانىقا، مەدرىس-مەقبەرىلەرنىڭمۇ ئاساسىي گەۋدىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ياغاچ ۋە ياغاچچىلىق قول ھۈنەر-سەنئىتى بىلەن قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ياغاچ ۋە ياغاچچىلىق قول ھۈنەر-سەنئىتى بىلەن بىر گەۋدىلەشكەن ھالەتتە زامانلارنى زامانلارغا ئۇلاپ كەلگەنلىكىنىڭ دەلىللىك ئىسپاتى بولالايدۇ.

روشەنكى، خەلقىمىز ياغاچ بىلەن باغلانغان ئۇزاق ئەسىرلىك ھاياتىدا ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن ئۈنۈملۈك ۋە سەنئەتلىك پايدىلىنىش مەقسىتىدە ياغاچنى ماتېرىيال قىلىدىغان قول ھۈنەر-سەنئىتى ياغاچچىلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە، ياغاچچىلىق ئاساسىي لىنىيە قىلىنىسىمۇ، مەھسۇلات ۋە ئىش ھالقا تەرتىپلىرىدىكى پەرقلەرگە ئاساسەن بۆشۈكچىلىك، ساندۇقچىلىق، ھارۋىچىلىق، ئېگەرچىلىك، ئىدىش-ئاياغچىلىق، ئويمىچىلىق ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش تېخنىكىلىرىنى ھەم يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قول ھۈنەر-سەنئىتى ۋە تېخنىكىلىق ھۈنەرلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە روياپقا چىقىرىش رولىغا ئىگە، قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، ياسىلىشى دىت ۋە ئىجتىھات تەلەپ قىلىدىغان قولغا جابدۇقلارنىمۇ بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تەڭداشسىز ئەقىل-پاراستى ۋە ئىزدىنىشكە تولغان ئىختىرا قىلىش روھىنى نامايان قىلغان. تۆۋەندە نۇقتىلىق ھالدا ياغاچچىلىق قول ھۈنەر-سەنئىتىدە ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلار تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىللە، كۆتەك ھارۋا ياساش ۋە كۆتەك ھارۋىنىڭ ھەرقايسى بۆلەك قۇرۇلمىلىرىدىكى ئۆزگىچە سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ. ياغاچچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلار ئاساسەن چوت، ھەرە، رەندە، ئىسكىنە، بۇرما، قارلىق، قەلەم، ئۆزۈن گەز، كالتە گەز، ئەگرى گەز، ئاسما، چويۇن بازغان، ئاي پالتا، شىلما قىرغۇ قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

چوت ياسىلىش شەكلى، ئىشلىتىلىش رولىغا قاراپ چوڭ چوت، كىچىك چوت، قىردام چوت ۋە نۇر چوتتىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

چوڭ چوت ــ چوڭ چوت چوت دەستىسى، چوت بىسى، چوت چولدىسى، چوت كوزىسى ۋە چوت يۈزلۈكىدىن ئىبارەت بەش تەركىبتىن تۈزۈلىدۇ. چوڭ چوت دەستىسى بىر مېتىر ئون سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. چوڭ چوت ئاساسەن يوغان ياغاچ ئەشيالىرىنىڭ پۇتاقلىرىنى ئېلىش، ياپىسىنى چېپىش، ئۆيگە سالىدىغان ياغاچلارنىڭ باش-ئۇچىنى يونۇش قاتارلىق ئىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

كىچىك چوت ــ كىچىك چوت خۇددى چوڭ چوتقا ئوخشاشلا چوت دەستىسى، چوت بىسى، چوت چولدىسى، چوت كوزىسى ۋە چوت يۈزلۈكىدىن ئىبارەت بەش تەركىبتىن تۈزۈلىدۇ. چوت دەستىسى 40 سانتىمېتىر، چوت بىسىنىڭ كەڭلىكى يەتتە سانتىمېتىر، چوت يۈزىنىڭ ئاستى تەرىپى يەتتە سانتىمېتىر، ئۈستى تەرىپى تۆت سانتىمېتىر، چوت چولدىسى ئۇزۇنلۇقى يەتتە سانتىمېتىر،كەڭلىكى ئىككىدىن تۆت سانتىمېتىرغىچە، چوت كوزىسىنىڭ ئايلانمىسى ئون سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئاساسەن ياغاچ ماتېرىياللىرىنى چېپىش، نويۇش، ياغاچلارنىڭ كىچىكرەك پۇتاقلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

نۇر چوت ــ نۇر چوت ياغاچچىلىق قول ھۈنەر-سەنئىتىدە مۇھىم رولى بولغان ئىشلىتىش جابدۇقىنىڭ بىرى بولۇپ، ياسىلىشى جەھەتتىن چوت يۈزلۈكى تىغى بىلەن قوشۇلۇپ نۇر چىقىرىلىپ ياسىلىدۇ. نۇر چوتنىڭ ئۇزۇن نور چوت، ئارا نور چوت ۋە قىسقا نور چوت دېگەن تۈرلىرى بولۇپ، دەستىسىنىڭ ياسىلىشى بىر قەدەر

مۇرەككەپ. ئاساسەن ياپراقراق يۇتاقلىغان دەرەخ شىخىنىڭ بىر تەرىپى ئون سانتىمېتىر ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ كېسىپ تاشلىنىپ، قالدۇرۇلغان قىسمى نۇر چوت كوزىسىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ، ئۈستى توم يالپاق، تېگى تىك چاسا شەكىلدە ياسىلىدۇ. بۇ خىل چوت تەڭگە چېپىش، بۇل تەكچىلىرىنى چېپىش، كوزا-كومزەك چېپىش، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن دۇتار، تەمبۇر، راۋاب قاتارلىقلارنىڭ قورساق ۋە بوغۇز قىسىملىرىنى چېپىش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ.

قىردام چوت ــ قىردام چوت ياغاچچىلىق قول ھۈنەر-سەنئىتىدە مۇھىم رولى بولغان ئىشلىتىش جابدۇقىنىڭ بىرى بولۇپ، ياسىلىشى جەھەتتىن چوت يۈزلۈكى بىلەن تىغى تۈز، دەستىلىنىش كوزىسى نۇر چوتنىڭ كوزىسى شەكىلدە بولۇپ، ئاساسەن ياپىاقراق پۇتاقلىغان دەرەخ شىخىنىڭ بىر تەرىپى ئون سانتىمېتىر ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ كېسىپ تاشلىنىپ، قالدۇرۇلغان قىسمى قىردام چوت كوزىسىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ ئۈستى توم تۈز، تېگى تىك چاسا شەكىلدە ياسىلىدۇ. بۇ خىل چوت تەڭگە چېپىش، بۇل تەكچىلىرىنى چېپىش، كوزا-كومزەك چېپىش، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن دۇتار، تەمبۇر، راۋاب قاتارلىقلارنىڭ قورساق ۋە بوغۇز قىسىملىرىنى چېپىش ئىشلىرىدا سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ھەرە ــ ياغاچچىلىق قول ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ كېسىش ۋە پارچىلاش رولىغا ئىگە جابدۇقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى، قۇرۇلما شەكلىگە ئاساسەن چاپما ھەرە، جادۇ ھەرە، قول ھەرە، مەن تارت ھەرە ۋە قونداقلىق ھەرە دېگەن تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ.

چاپما ھەرە ــ چاپما ھەرە ئادەتتە يوغان ياغاچ ئەشيالىرىنى ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ھالىتىگە كەلتۈرۈش رولىغا ئىگە بولغان ئالاھىدە جابدۇقلارنىڭ بىرى بولۇپ، تىغىنىڭ بويى ئۇزۇنلۇقى 1 مېتىر 55 سانتىمېتىر، باش تەرەپ كەڭلىكى 25 سانتىمېتىر، ئاياغ تەرەپ كەڭلىكى سەككىز سانتىمېتىر، چىشلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى سانتىمېتىر، كەڭلىكى بىر سانتىمېتىر يانتۇ ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قىيپاش ياتقۇزۇلۇپ، ئوڭ ۋە سولغا چىلپىرىس چىقىرىلغان ھالەتتە بولىدۇ. چاپما ھەرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تۇتقا بېكىتىلىدۇ. باش تەرەپنىڭ تۇتقۇسى 60 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى تاقا شەكىللىك چاتقا، تۇتقا غولى، تۇتقا كوزىسى ۋە ياغاچ دەستىدىن تۈزۈلىدۇ. تاقا شەكىللىك چاتقا كوزا چىقىرىلغان تۇتقا غولىغا چېتىلىپ، بىر ھالەتكە كەلگەندىن كېيىن بولتىلىق ۋىنتىلار ئارقىلىق ھەرە تىغىغا ئۇلىنىپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. تۆۋەنكى تۇتقۇسى ئادەتتە قولاق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قولاق ئۇزۇنلۇقى 45 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى بەش سانتىمېتىر تاختاينىڭ ئوتتۇرىدىن دىيامېتىرى 15 سانتىمېتىر كېلىدىغان دۈگىلەك چەمبەر، چەمبەر يېنىدىن ئايلانمىسى 10 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر كېلىدىغان قولاق چىقىرىلىپ، چەمبەرچە سىرتى خام تېرە بىلەن قاپلىنىپ راسلانغاندىن كېيىن، راسلانغان چەمبەرچە ئىچىدىن ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر، كەڭلىكى يېرىم سانتىمېتىر كىتىك ئېچىلىپ، كىتىك يېنىدىن كىتىككە تۇتاش ھالەتتە ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكى ئىككى سانتىمېتىر شىنالىق تۆشۈكچە ئېچىلىپ، ھەرىنىڭ ئاياغ تەرىپى چەمبەرچە ئىچىدىكى كىتىك ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ، شىنالىق تۆشۈكچىگە ئۆلچەملىك شىنا قېقىلىپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. چاپما ھەرىدە ياغاچ تىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال تۈز يەر ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇق، ئۈچ مېتىر كەڭلىك ۋە بەش-ئالتە مېتىر ئۇزۇنلۇقتا قېزىلىپ ئورەك ياسىلىدۇ. ئورەك ئۈستىگە ئاستى-ئۈستى چېپىپ تۈزلەنگەن ئىككى قاۋۇل ياغاچ توغرىسىغا قويۇلۇپ، تىلماقچى بولغان ياغاچ توغرا ياغاچنىڭ ئۈستىگە مۇقىم ھالەتتە قويۇلىدۇ، چاپما ھەرىدە ياغاچ تىلىش ئۈچۈن ئىككى ئادەم ھەمكارلىشىدۇ. بىرى تىلىش ئۈچۈن قارا چېكىلگەن ياغاچنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ھەرە تارتىپ كەينىگە، ئورەك ئىچىدىكى ئادەم ھەرە تارتىپ ئالدىغا ماڭىدۇ. چاپما ھەرە يېنىك ۋە ئىشلىتىلىشكە ئەپلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىز تۇشۇش كۆلۈكلىرى تەرەققىي قىلمىغان ۋاقىتلاردا ياغاچ ماتېرىياللىرىنى تاغلارنىڭ قىيا ۋە قاپتاللىرىدىن مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە پارچىلاپ يېنىكلىتىپ ئەكىلىپ ئىشلەتكەن.

جادۇ ھەرە ــ جادۇ ھەرە قوش كىشىلىك ھەرە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جادۇ ھەرىنىڭ ئۈستى قىسمى تۈز، ئاستى قىسمى يەنە چىش چىقىرىلغان تەرىپىنىڭ ئوتتۇرى قورساقلىق ئىككى تەرىپى ئوتتۇرا قىسمىدىن دەستىگە قاراپ تارايغان ھالەتتە بولىدۇ. جادۇ ھەرىنىڭ ئىككى بېشىدا دەستە بېكىتىش كوزىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا 30 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، باش بارماق توملۇقىدىكى ياغاچ دەستە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ھەرە چىشلىرى دەل ئوتتۇرىدىن ئىككى تەرەپكە قارىغان ھالەتتە بولۇپ، ئوخشاشلا ئوڭ

ۋە سولغا چىلپىرىس چىقىرىلىپ راسلىنىدۇ. جادۇ ھەرە ئاساسەن يوغان ياغاچ ئەشيالىرىنى توغراش، پارچىلاش ۋە تىك ياغاچلارنى كېسىپ ئۆرۈش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ.

مەن تارت ھەرە ــ مەن تارت ھەرىنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى بىر كىشىلىك ھەرە بولۇپ، قول ھەرىسىدىن سەل چوڭ، جادۇ ھەرىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. سېپىنىڭ ھەرىگە تۇتاشتۇرۇلىدىغان قىسمى تۈز، تۇتۇش قىسمى ياي شەكلىدە بولىدۇ. سېپىنىڭ ھەرىگە تۇتاشتۇرۇلىدىغان قىسمىنىڭ باش تەرىپىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كىتىك ئېلىنىپ، يان تەرەپلىرىنىڭ ئىككى - ئۈچ يېرىدىن كىچىك تۆشۈكچىلەر ئېچىلىپ، ھەرە تىغى باستۇرما مىخلار بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ، ھەرە چىشى ئاساسەن ئۈچ تەرىپىدىن دەستە تەرەپكە قارىغان ھالەتتە ئوڭ - سولغا چىلپىرىس چىقىرىلىپ راسلانغان بولىدۇ.

تىلما ھەرە ــ تىلما ھەرە شەكىل جەھەتتىن قونداقلىق ھەرىگە ئوخشايدۇ. تىلما ھەرە ياغاچچىلىق قول ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ چوڭ - چوڭ ئىش ھالقىلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئالاھىدە قۇرۇلمىلىق سايمان بولۇپ، تۈزۈلۈش جەھەتتىن قونداق، ئوشۇقچە، تىرەك، ھەرە تىغى، تارتقا ۋە ئىككى ئولغۇردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئەمما قونداقلىق ھەرىلەردىن چوڭ ۋە قاۋۇل بولىدۇ. ئاساسەن يوغان ياغاچ ئەشيالىرىنى ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ئەھۋالغا ئاساسەن تىلىپ پارچىلاش رولىغا ئىگە. تىلما ھەرىنىڭ قونداق قىسمى ئۇزۇنلۇقى 55 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئالتە سانتىمېتىر چىدامچانلىقى كۈچلۈك ياغاچنىڭ تېگى تەرىپىدىن ئوشۇقچە پاتقۇدەك يۇمىلاق تۆشۈك، ئوتتۇرىدىن تېرەكنىڭ ئەركەك تۇرۇمنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بەش سانتىمېتىر كەڭلىكتە، تۆت سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا كور تۇرۇم ئېلىنىپ راسلىنىدۇ. ئوشۇقچە باش بارماقتىن تومراق 10 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچنىڭ باش تەرىپى قالپاق، ئۈچ تەرىپى دەل ئوتتۇرىدىن ئىچىگە قارىتىلىپ كىرتىپ بوشلۇق چىقىرىلغان ھالەتتە راسلىنىدۇ. تېرەك ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر 40 سانتىمېتىر، كەڭلىكى بەش سانتىمېتىر ياغاچنىڭ ئىككى بېشىدىن تۆت سانتىمېتىر ئەركەك تۇرۇم چىقىرىلىپ راسلىنىدۇ. تىلما ھەرە تىغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر 20 سانتىمېتىر، كەڭلىكى بەش سانتىمېتىر بولۇپ، ھەرە چىشى دەل ئوتتۇرىدىن ئىككى تەرەپكە قارىتىلىپ ئېلىنغان بولىدۇ. تارتقا ھەرە قونداقنىڭ ئۈستى ئىككى بېشىنى چىڭىتىش رولىنى ئوينايدىغان چوكا تومۇلۇقىدىكى پاختا تانىسىدىن ئىبارەت. تىلما ھەرىگە ئىككى يەردىن ئولغۇر سېلىنىپ ئوڭغا ۋە سولغا چىڭىتىلىدۇ، تىلما ھەرىنىڭ ئولغۇرى ئادەتتە 30 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، ئىككى سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى چەسۋەكسىمان چوكىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

قول ھەرە ــ قول ھەرە ياغاچچىلىق قول ھۈنەر - سەنئىتىدە ئىشلىنىش دائىرىسى كەڭ، ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولغان جابدۇقلارنىڭ بىرى بولۇپ، تىغ شەكلى ئۈچى تەرىپىدىن ئارقا تەرىپىگە كېڭەيگەن ھالەتتە بولىدۇ. چىشى ئۈچ تەرىپىدىن دەستە تەرەپكە قارىغان ھالەتتە ئوڭ - سولغا چىلپىرىس چىقىرىلىپ راسلانغان بولىدۇ. دەستىسىنىڭ ياسىلىشى ئالاھىدە تېخنىكا ۋە ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ، دەستىلىنىشى مەن تارت ھەرىنىڭ دەستىلىنىشى بىلەن ئوخشاش. پەقەت تۇتقا قىسمىلا پەرقلىنىدۇ. قول ھەرىنىڭ تۇتقىسى ھەرە دەستىسىدىن ئۈستى كەڭرەك، تېگى تارراق، ئالدى تارراق، كەينى كەڭرەك ۋە سەل يايپاق تۆت چاسا شەكلىدە ئويۇلىدۇ، دەستە سىرتىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا ئالاھىدە ئەگمە ۋە قۇلاقلار چىقىرىلىپ ياسىلىدۇ.

قونداقلىق ھەرە ــ قونداقلىق ھەرە ياغاچچىلىق قول ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ نازۇك ۋە ئىنچىكە ئىش ھالقىلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئالاھىدە قۇرۇلمىلىق سايمان بولۇپ، تۈزۈلۈش جەھەتتىن قونداق، ئوشۇقچە، تېرەك، ھەرە تىغى، تارتقا ۋە ئولغۇردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە رولىغا قاراپ توغرا كېسەر ھەرە، تۇرۇم ھەرە، ئەگىتمە ھەرە، سىم ھەرە، تىلما ھەرە قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

توغرا كېسەر ھەرە ــ توغرا كېسەر ھەرە ھۆل كېسەر ھەرە ۋە تۈز كېسەر ھەرە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. توغرا كېسەر ھەرىنىڭ قونداق قىسمى ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر، كەڭلىكى تۆت سانتىمېتىر، چىدامچانلىقى كۈچلۈك ياغاچنىڭ تېگى تەرىپىدىن ئوشۇقچە پاتقۇدەك يۇمىلاق تۆشۈك، ئوتتۇرىدىن تېرەكنىڭ ئەركەك تۇرۇمنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۈچ سانتىمېتىر كەڭلىكتە، ئۈچ سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا كور تۇرۇم ئېلىنىپ راسلىنىدۇ. ئوشۇقچە باش بارماق تومۇلۇقىدىكى 10 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچنىڭ باش تەرىپى قالپاق، ئۈچ تەرىپى دەل ئوتتۇرىدىن ئىچىگە قارىتىلىپ كىرتىپ بوشلۇق چىقىرىلغان ھالەتتە راسلىنىدۇ. تېرەك ئۇزۇنلۇقى 78 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئۈچ سانتىمېتىر ياغاچنىڭ ئىككى بېشىدىن ئۈچ يېرىم سانتىمېتىر ئەركەك تۇرۇم چىقىرىلىپ راسلىنىدۇ.

تۇغرا كېسەر ھەرە تىغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 72 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئۈچ سانتىمېتىر بولۇپ، ھەرە چىشى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىلىپ ئېلىنغان بولىدۇ. تارتقا ھەرە قوندىقىنىڭ ئۈستى ئىككى بېشىنى چېتىش رولىنى ئوينايدىغان چوكا توملۇقىدىكى پاختا تانىسىدىن ئىبارەت. ئۇلغۇر 22 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، ئىككى سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى چەسۋەكسىمان چوكىدىن ئىبارەت، تۇغرا كېسەر ھەرە كىچىكرەك ياغاچ ئەشيالىرىنى كېسىپ پارچىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

تۇرۇم ھەرە — تۇرۇم ھەرىنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى تۇغرا كېسەر ھەرىنىڭ ياسىلىش شەكلىگە ئوخشاش بولۇپ، پەقەت تىغ كەڭلىكى بىلەن ئۇزۇنلۇقى ۋە قوندىقىنىڭ ئۇزۇنلۇق، كەڭلىكى ئوخشىمايدۇ. تۇغرا كېسەر ھەرىنىڭ تىغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 72 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئۈچ سانتىمېتىر بولسا، تۇرۇم ھەرىنىڭ تىغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 63 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 3.2 سانتىمېتىر بولىدۇ. ھەرە چىشى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىلىپ ئېلىنغان بولىدۇ. تۇغرا كېسەر ھەرىنىڭ قونداق قىسمى ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر، كەڭلىكى تۆت سانتىمېتىر بولسا، تۇرۇم ھەرىنىڭ قونداق قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 35 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئۈچ يېرىم سانتىمېتىر بولىدۇ. تۇرۇم ھەرە ياغاچچىلىق سايمانلىرىنى ياساشتا ياغاچ ئەشيالىرىدىن ئەركەك تۇرۇم چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگىمە ھەرە — ئەگىمە ھەرىنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى تۇغرا كېسەر ھەرىنىڭ ياسىلىش شەكلىگە ئوخشاش بولۇپ، پەقەت ھەرە تىغىلا ئوخشىمايدۇ. تۇغرا كېسەر ھەرىنىڭ تىغىنىڭ كەڭلىكى ئۈچ سانتىمېتىر بولسا، ئەگىمە ھەرىنىڭ تىغى سەككىز مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئەگىمە ھەرە ياغاچچىلىق سايمانلىرىنى ياساشتا ياغاچ ئەشيالىرىنى يۇمىلاق ياكى دۈگىلەك شەكىلگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

سىم ھەرە — سىم ھەرىنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى تۇغرا كېسەر ھەرىنىڭ ياسىلىش شەكلىگە ئوخشاش بولۇپ، پەقەت ھەرە تىغىلا چىش چىقىرىلغان سىمدىن بولىدۇ. سىم ھەرىنىڭ ساداق شەكىللىكلىرىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. سىم ھەرە ياغاچچىلىق ئىشلىرىدا ئاساسەن نازۇك ۋە ئىنچىكە سايمانلارنىڭ ئەگىمە ھەم دۈگىلەك شەكىللىرىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىسكىنە — ياغاچچىلىق قول ھۈنەر - سەنئىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىسكىنە ئىسكىنە بېسى، ئىسكىنە غولى، ئىسكىنە كوزىسى ۋە ئىسكىنە دەستىسىدىن تەركىبلىنىدۇ. ئىسكىنە شەكلى، ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە رولى جەھەتتىن چوڭ ئىسكىنە، كىچىك ئىسكىنە، زىقچە ئىسكىنە، تۆت پۈكلۈق ئىسكىنە، بەش پۈكلۈق ئىسكىنە، ئالتە پۈكلۈق ئىسكىنە، سەككىز پۈكلۈق ئىسكىنە ۋە قەلەم ئىسكىنە دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈپ، ئاساسەن ياغاچتىن ياسىلىدىغان سايمانلارنىڭ ھەرقايسى ئىش ھالقىلىرىدا چوڭ-كىچىك چىشى تۇرۇملارنى ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

قەلەم ئىسكىنە — قەلەم ئىسكىنە تىغ كەڭلىكى ئۈچ سانتىمېتىر كېلىدىغان ئىسكىنە بولۇپ، ھارۋا بۇلىنىڭ ئوقلۇقىنىڭ ئىچىنى قىرىپ سىپتىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

زىقچە ئىسكىنە — ئوق بوغۇزلۇقى ۋە ئوق ئۇچىنىڭ ھارۋا ماڭغاندا بوغۇزلىنىپ كاردىن چىقماسلىقى ئۈچۈن، ئوق بوغۇزلۇقى بىلەن ئوقنىڭ ئۇچى تەرىپىگە توغرىسىغا ياتقۇزۇلۇپ چويۇن زىخچە قېقىش ئۈچۈن ئېلىنىدىغان زىخچە ئورنىنى ئويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىسكىنە تۈرى.

بۇرما — ياغاچچىلىق قول ھۈنەر - سەنئىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسەن ياغاچچىلىقتا تۆشۈك تېشىش رولىغا ئىگە. بۇرما بۇرما ئۇچى، بۇرما قانىتى، بۇرما غولى، بۇرما كوزىسى ۋە بۇرما دەستىسىدىن تەركىبلىنىدۇ. بۇرما شەكلى، قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ۋە رولىغا ئاساسەن بىر سانتىمېتىرلىق بۇرما، بىر يېرىم سانتىمېتىرلىق بۇرما، ئىككى سانتىمېتىرلىق بۇرما، ئىككى يېرىم سانتىمېتىرلىق بۇرما، ئۈچ سانتىمېتىرلىق بۇرما، قوشۇق بۇرما دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

قوشۇق بۇرما — قوشۇق بۇرما بىر خىل ئالاھىدە بۇرما بولۇپ، ئۇچى نىسبەتەن چوڭ، قانىتى يوغان ۋە كەڭ قوشۇقسىمان ھالەتتە بولىدۇ، ئاساسەن چاق بۇلىنىڭ ئوقلۇق تۆشۈكىنى ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

رەندە — ياغاچچىلىق قول ھۈنەر - سەنئىتىدە سىلىقلاش، زەي، زاكرۇ تارتىش رولىغا ئىگە سايمان بولۇپ، تۈزۈلۈش جەھەتتىن رەندە تاپىنى، تۇتقا، رەندە دۇمبىسى، پۈشتەك، كاسىلىق ۋە رەندە تىغىدىن ئىبارەت تەركىبلەردىن تۈزۈلىدۇ. رەندە شەكلى، ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى ۋە رولى قاتارلىق جەھەتلەردىن ياپسا رەندە، كالتە رەندە، زاكرۇ رەندە، زەي رەندە، قىيپاش رەندە،

پەرداز رەندە، مۇشت رەندە، داس رەندە، شىلما قىرغۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

ياپسا رەندە ــ ياپسا رەندە تۈزۈلۈش شەكلى ۋە ئىشلىتىلىش ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇزۇن ياپسا رەندە ۋە كالتە ياپسا رەندە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، ئاساسەن ياغاچ ئەشيالىرىنى بىر ـ بىرىگە ياپسا كەلتۈرۈش رولىغا ئىگە.

كالتە رەندە ــ ياغاچ ئەشيالىرىنى ئاقارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

كىنىش ــ كىنىش يەنە بىر ئاتىلىشى زاكرۇ رەندە بولۇپ، كىشەك ۋە ئىشكاپ ـ ئۈستەللەرنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنى تۇتاشتۇرۇش يولچىلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

زەي رەندە ــ رامكا ۋە جەسۋەكلەرگە زەي چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان رەندە تۈرى بولۇپ، ئىشىك، دېرىزە ۋە ئۈستەل ـ تومۇچكىلارنىڭ تۇتاشمىلىرىغا مۇناسىپ زەي، يەنى كىچىك ئېرىقچە تارتىش رولىغا ئىگە.

قىيپاش رەندە ــ قىيپاش رەندىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 33 سانتىمېتىر، كەڭلىكى سەككىز يېرىم سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئالتە يېرىم سانتىمېتىر بولىدۇ. ئاساسەن قىيپاش قۇرۇلمىلىق سايمانلارنىڭ ياپساسىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

پەرداز رەندە ــ پەرداز رەندىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 31 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئالتە يېرىم سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئۈچ يېرىم سانتىمېتىر بولىدۇ، ئاساسەن ياغاچتىن پۈتكەن سايمانلارنى سىلىقلاپ كۆركەملەشتۈرۈش رولىغا ئىگە.

مۇشت رەندە ــ مۇشت رەندىنىڭ ئادەتتە ئۇزۇنلۇقى 18 سانتىمېتىر، كەڭلىكى يەتتە سانتىمېتىر، قېلىنلىقى تۆت سانتىمېتىر بولىدۇ. مۇشت رەندە ئاساسەن ئەگرى ياغاچ، ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك قوراللارنىڭ دەستىلىرىنى سىلىقلاش ۋە باشلىقى ئويمىدىن قىلىنغان چالغۇ ئەسۋابلارنى سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

داس رەندە ــ داس رەندە ئاساسەن ياغاچ ئەشيالىرىنى ئاخلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغاچچىلىق جابدۇقى بولۇپ، بىلەك تومۇلۇقىدىكى 30 سانتىمېتىر ياغاچنىڭ ئىككى بېشىدىن يۇمىلاق تۇتقۇچ چىقىرىلىپ، ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئاستى تەرىپى مەركىزىدىن سىرتىغا نىسبەتەن ئويمان، ئۈستى تەرىپى بىلىق دۈمبىسى شەكلىدە، تىغ ئورنىتىش ئۈچۈن ئىككى ئوچۇق تۆشۈكچە ئېچىلغان ھالەتتە راسلىنىپ، ئىسكوپ شەكىللىك تىغ ئورنىتىلىپ ياسىلىدۇ.

شىلما قىرغۇ ــ شىلما قىرغۇنىڭ شەكلى سىمتاراچقا ئوخشاش بولىدۇ. ئامما سىمتاراچنىڭكىدەك بىسى نېپىز، تۇتقۇچى ئاجىز بولمايدۇ. بوغۇزى كەڭ، ئۈچ تەرىپى تارراق، يۈزلۈكى قېلىنراق، ئەگمىسى كۆرۈنەرلىك ئېگىلگەن ھالەتتە ياسىلىدۇ. ئاساسەن چاق ئۇلتىڭنىڭ ئىچكى تەرىپىنى شىلىپ سىلىقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

قارىلىق ــ قارىلىق كالىنىڭ چوڭراق مۈڭگۈزىنىڭ ئۈچ تەرىپىدىن ئازراق كېسۋېتىلىپ، باش تەرىپىدىن ئۈچ سانتىمېتىر كەڭلىك، سەككىز سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىچىگە قارىتىلىپ كىتىك ئېلىنىپ، ئېلىنغان كىتىك ئىچىگە پۈختا ئېشلىگەن تانا يىپ ئورالغان كىچىك غالتەكچە بېكىتىلىدۇ. ئېلىنغان كىتىك يېنىدىن كىچىك تۆشۈك ئېچىلغان نېپىز توساق قالدۇرۇلۇپ، قالغان قىسمىنىڭ ئالتە سانتىمېتىر ئارىلىقىدىن تۆت چاسا ياكى يۇمىلاق ھالەتتە بوياق قۇتىسى ئويۇلۇپ، مۈڭگۈزنىڭ ئۈچ تەرىپىدىن ئېچىلغان تۆشۈك بوياق قۇتىسىغا تۇتاشتۇرۇلىدۇ. غالتەكچىگە ئورالغان تانا يىپ نېپىز توساق تۆشۈكچىسىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، بوياق قۇتىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، مۈڭگۈزنىڭ ئۈچ تەرىپىدىن ئېچىلغان تۆشۈكتىن چىقىرىلىپ مۇقىملاشتۇرۇلۇپ ياسىلىدۇ، قارىلىق ياغاچ ئەشيالىرىنى تىلىش ئۈچۈن توغرا يۆنىلىش بەلگىلەش رولىنى ئوينايدۇ.

قەلەم ــ قەلەم ئاساسەن ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ ئەشيالىرىغا بېكىتىلگەن نۇقتىلارغا رەڭ بېرىپ بەلگە قالدۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

گەز ــ ياغاچ ئەشيالىرىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىق، كەڭ ـ تارلىق ۋە نېپىز ـ قېلىنلىق ئۆلچىمىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. گەزنىڭ ئۇزۇن، ئارا ۋە قىسقا دېگەندەك تۈرلىرى بولىدۇ.

ئەگرى گەز ــ ئەگرى گەز 30 سانتىمېتىر ۋە 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى ئىككى تال تۈز گەزنىڭ ئۇچى بىر ـ بىرىگە تىكمۇتىك ھالەتتە كىرىشتۈرۈلۈپ ياسىلىدىغان ياغاچچىلىق جابدۇقىدىن ئىبارەت.

ئاسما ــ ئىككى غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى ئىنچىكە تانا يىپنىڭ بىر ئۇچىغا نۇرسىمان تۆمۈر ئۇيۇتمىسنى ئېسىپ باغلاش ئارقىلىق تەييارلىنىپ تىلىنىدىغان ياغاچ ۋە پەندەرنىڭ تىك يانتۇلۇقى ۋە تۈز ـ ئەگرىلىكىنى مۆلچەرلەپ تۈزلەش رولىغا ئىگە بولغان ئاددىي جابدۇقتىن ئىبارەت.

دۇكان ــ دۇكان ھارۋا بولىغا گۈگۈسۇن قېقىش، گۈگۈسۇنغا ئۇلتاڭ قېقىش ئۈچۈن ياسىلىدىغان ئاددىي قۇرۇلما بولۇپ، بولىغا گۈگۈسۇن قېقىش دۇكىنى ۋە

گۈگگۈسۈنغا ئۈلتالڭ قېقىش دۈكىنى دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بۇلغا گۈگگۈسۈن قېقىش دۈكىنى دېگىنىمىز تۈز يەرگە بۇلنى كىيگۈزگۈدەك ئوقلۇق ياغاچنى ئورنىتىپ، بۇلنى ئوقلۇققا كىيگۈزۈپ تۇرۇپ، بۇل تۆشۈكچىلىرىگە گۈگگۈسۈن قېقىش ئىشىنى قىلىدىغان قۇرۇلمىنى كۆرسىتىدۇ. گۈگگۈسۈنغا ئۈلتالڭ قېقىش دۈكىنى دېگىنىمىز يەردىن بىر مېتىر ئېگىزلىكتە، ئوتتۇرىغا بۇل كىيگۈزۈش ئوقلۇقى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياغاچ سۇپا بولۇپ، بۇلغا قېقىلغان گۈگگۈسۈنلارغا ئۈلتالڭ ۋە چەمبەر قېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلمىنى كۆرسىتىدۇ.

چويۈن بازغان ــ بازغان ئېغىرلىق مىقدارى جەھەتتىن ئۈچ كىلوگرامدىن 12 كىلوگرامغىچە، تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىن تاق باشلىق بازغان، قوش باشلىق بازغان، سىلىندىر شەكىللىك بازغان، ئالتە تەرەپلىك چاسا بازغان دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ياسالغان ماتېرىيالغا ئاساسەن ياغاچ بازغان، پولات بازغان، تۆمۈر بازغان، چويۈن بازغان دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. هارۋا ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چويۈن بازغان 14 قاداقلىق بازغان بولۇپ، هارۋىغا ئۈلتالڭ-گۈگگۈسۈن قېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئاي پالتا ــ ئاي پالتا تىغى ئاي شەكلىدە قايرىلىپ ياسالغان پالتا بولۇپ، چولدا، كاچات ۋە يۈزلۈكلىرى نىسبەتەن كەلڭ ۋە نېپىزراق ياسىلىپ، تۆت چاسىغا مايىل يالپاقراق دەستە بېكىتىلىدۇ. ئاي پالتا هارۋىنىڭ شوتا، ئوق ۋە بۇل ۋە ئۈلتاڭلىرى ئۈچۈن كېتىدىغان ياغاچ ئەشيالىرىنى چېپىپ ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش، ئائىلىلەردە ئوتۇن-ياغاچ كەسلەش، يېرىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

تۆۋەندە كۆتەك هارۋا ياساش ۋە كۆتەك هارۋىنىڭ هەرقايسى بۆلەك قۇرۇلمىلىرىدىكى ئۆزگىچە سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ.

كۆتەك هارۋا چولڭ جەھەتتىن چاق ۋە شوتىدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەك بويىچە ئايرىلىدۇ. هارۋىنىڭ چاق قىسمى ئوق، بۇل، كۆزنەك ۋە گۈگگۈسۈن، ئۈلتالڭ، ئۈلتالڭ چەمبىرىكى كۆتەك هارۋا چولڭ جەھەتتىن چاق، شوتا، ئوق هارۋا ساندۇقى ۋە هارۋا چوققىلىقىدىن ئىبارەت بەش بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ. كۆتەك هارۋىنىڭ هەرقايسى بۆلەك قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئۆزگىچە خاس مۇرەككەپ ئىش هالقىلىرى بولغاندىن سىرت، ئۆزىگە خاس ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

ئوق ــ ئوق هارۋا قۇرۇلمىلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن ۋە كۆتۈرۈش رولىغا ئىگە بولغان تەركىبلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئوق تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئوق بېشى ۋە ئوق گەۋدىسىدىن تەركىبلىنىدۇ. ماتېرىيالى چىدامچانلىق كۈچلۈك، تالاسى زىچ بولغان قارىياغاچنىڭ قۇرۇتۇلغان تۈز، سىپتا ھەم توم ياغىچىدىن تاللىنىدۇ.

ئوق گەۋدىسى ــ ئوق گەۋدىسى ئۈچۈن ئايلانمىسى 50 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر 20 سانتىمېتىر باش-كۆتى تەلڭ قۇرۇتۇلغان ئۈندۈرمە قارىياغاچ كۆتىكى تەييارلىنىدۇ.

ئوق بېشى ــ ئوق گەۋدىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن 40 سانتىمېتىردىن 80 سانتىمېتىر ئارىلىق ئوق بېشى قىلىپ راسلىنىدۇ. ئوق بېشى بوغۇزلۇقىنىڭ دىيامېتىرى 13 يېرىم سانتىمېتىر، ئۈچ تەرىپىنىڭ دىيامېتىرى سەككىز يېرىم سانتىمېتىر ئەتراپىدا كىتىكلىنىپ، ئوق ئۇچىدىن چاقنىڭ چىقىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن پانا ئۆتكۈزۈلىدىغان تۆشۈكچە ئېچىلىپ ياسىلىدۇ.

زىخچە ــ ئوق بوغۇزلۇقى ۋە ئوق ئۇچىنىڭ هارۋا ماڭغاندا بوغۇزلىنىپ كاردىن چىقماسلىقى ئۈچۈن ئوق بوغۇزلۇقى بىلەن ئوقنىڭ ئۈچى تەرىپىگە توغرىسىغا ياتقۇزۇلۇپ پاتۇرۇپ قېقىلىدىغان چويۈن زىخچىنى كۆرسىتىدۇ.

چاق ــ چاق هارۋىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بولغان قۇرۇلمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تۈزۈلۈش جەھەتتىن بۇل، گۈگگۈسۈن، ئۈلتالڭ، ئۈلتالڭ چەمبىرىدىن تەركىبلىنىدۇ.

بۇل ــ بۇل هارۋىنىڭ ئەلڭ مۇھىم قۇرۇلمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئوق، گۈگگۈسۈن، ئۈلتاڭلارنى بىر-بىرىگە قانۇنىيەتلىك چېتىپ، هارۋىنىڭ بىر پۈتۈن هالىتىنى تۇرغۇزۇش رولىغا ئىگە. بۇلنىڭ ياسىلىشى هارۋىنىڭ باشقا تەركىبىي قىسىملىرىغا قارىغاندا ناهايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. بۇل ياساش ئۈچۈن ئايلانمىسى بىر مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان قارىياغاچنىڭ باش-كۆتى تەلڭ قۇرۇتۇلغان كۆتىكى تەييارلىنىپ، ئىچكى بېشىنىڭ ئايلانمىسى 90 سانتىمېتىر، سىرتقى بېشىنىڭ ئايلانمىسى 80 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 35 سانتىمېتىر قىلىپ راسلىنىپ، ئىچكى بېشىدىن سىرتقى بېشىغىچە ئوقلۇق تۆشۈكى تېشىلىدۇ. ئىچكى بېشىدىكى تۆشۈكنىڭ دىيامېتىر 15 سانتىمېتىر، سىرتقى بېشىدىكى تۆشۈكنىڭ دىيامېتىرى 12 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇلنىڭ ئىچكى بېشىدىن 12 سانتىمېتىر، سىرتقى بېشىدىن 16 سانتىمېتىر ئورۇن تاشلىنىپ، يەتتە سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇق، ئۈچ سانتىمېتىر كەڭلىك ئۆلچىمى

بويىچە ھەر بىر سانتىمېتىر ئارىلىقتا بىردىن ئوقلۇق تۆشۈكگە يەتكۈزۈلۈپ قىناقلىق چىشى تۇرۇم ئېلىنىپ، ئىچكى ۋە سىرتقى بېشىغا يېرىم سانتىمېتىر قېلىنلىقتا، ئۈچ سانتىمېتىر كەڭلىكتە تۆمۈر چەمبەر سېلىنىدۇ.

كۆزنەك — كۆزنەك مەخسۇس چويۇندىن كۆتەك ھارۋا بۇلىنىڭ ئىچكى ۋە سىرتقى ئوقلۇق تۆشۈكگە سېلىنىش ئۈچۈن ئىككى سانتىمېتىر قېلىنلىق، بەش سانتىمېتىر كەڭلىك ۋە دىيامېتىرى ئوقلۇق تۆشۈكنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بويىچە توغرىلىنىپ، سىرتقى تەرىپىنىڭ ئۈچ - تۆت يېرىدىن ئىككى سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئەمچەك چىقىرىلىپ ياسىلىدىغان چويۇن قۇرۇلما.

گۇگۇسۇن — گۇگۇسۇن يەنە بىر ئاتىلىشى ھارۋا شادىسى بولۇپ، ھارۋىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدىكى مۇھىم قۇرۇلمىلارنىڭ بىرى. كۆتەك ھارۋىنىڭ گۇگۇسىنى 60 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇق، ئالتە سانتىمېتىر كەڭلىك ۋە تۆت سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى قۇرۇتۇلغان قارىياغىچىدىن ئىككى بېشىدىن بۇلىدىن ئېچىلغان چىشى تۇرۇم ئىچىدىكى قىناققا دەسسەش ئورنى چىقىرىلغان يەتتە سانتىمېتىر كەڭلىك، ئۈچ سانتىمېتىر قېلىنلىق ۋە يەتتە سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى بويىچە ئەركەك تۇرۇم چىقىرىلىپ ياسىلىدۇ، بۇل ۋە ئۆلتاڭغا سىرتقا قاراپ سەل ئېگىلگەن گۈمرەگگۈ ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ قېقىلىدۇ.

ئۆلتاڭ — ئۆلتاڭ ھارۋا چاقىنىڭ يەرگە تېگىشىش قىسمى بولۇپ، گۇگۇسۇنگە قېقىلىپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. ئۆلتاڭ ھارۋا قۇرۇلمىلىرى ئىچىدىكى يەنە بىر مۇھىم تەركىبلەرنىڭ بىرى بولۇپ، چاقنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش رولىغا ئىگە. ئۆلتاڭ ئادەتتە سەل ياي شەكلىدە ئېچەگە ئېگىلگەن ھالەتتە ھەر ئىككى گۇگۇسۇنگە بىردىن ئۆلتاڭ توغرا كېلىش ئۆلچىمى بويىچە ئون سانتىمېتىر كەڭلىك، سەككىز سانتىمېتىر قېلىنلىق ۋە تەخمىنەن 35 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا پارچە - پارچە ياسىلىدۇ. ئۆلتاڭ پارچىلىرىنىڭ ھەر بىرىنىڭ دەل ئوتتۇرىدىن ئىككى سانتىمېتىر كەڭلىك ۋە سەككىز سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى بويىچە ئەركەك - چىشى تۇرۇپ ئېلىنىپ، پارچە - پارچە ئۆلتاڭلار بىر - بىرىگە چېتىلىپ پۈتۈنلىنىپ تەييارلىنىدۇ.

ئۆلتاڭ چەمبىرى — ئۆلتاڭ چەمبىرىكى يېرىم سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ھارۋا ئۆلتىڭىنىڭ سىرتىدىن قاپلاش ئۈچۈن ياسىلىدىغان تۆمۈر قۇرۇلما بولۇپ، ياغاچ ئۆلتاڭنىڭ چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇپ ئىشلىتىش ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ، ھارۋىغا ئېغىر يۈكلەرنى بىمالال بېسىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

شوتا — شوتا ھارۋىنىڭ ئاساسلىق تەركىبلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ماتېرىيالى چىدامچانلىقى كۈچلۈك، تالاسى زىچ بولغان قارىياغاچ ياكى قىيىننىڭ قۇرۇتۇلغان تۈز، سىپتا ياغىچىدىن ئۈچ مېتىر 90 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇق، 12 سانتىمېتىر كەڭلىك ۋە 20 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا راسلىنىدۇ. شوتا تۈزۈلۈشىگە قاراپ، شوتا ئۇلاغلىقى، يېتىم شوتا، شوتا بېلى ۋە پاينەكتىن تەركىبلىنىدۇ.

شوتا ئۇلاغلىقى — شوتا ئۇلاغلىقى، شوتا ئاتلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنى شوتىنىڭ ئات - ئۇلاغ قېتىلىدىغان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. شوتا ئۇلاغلىقىنىڭ بوي ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە بىر مېتىر 60 سانتىمېتىر، باش قىسمىنىڭ كەڭلىكى سەككىز سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئالتە سانتىمېتىر ئەتراپىدا بېشىدىن ئىچىگە تومىلىنىپ، يان قىرلىرى نىسبەتەن بوكۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

يېتىم شوتا — يېتىم شوتا شوتىلىق ياغاچ ئاجىز ۋە كىچىك بولۇپ قېلىش ياكى ھارۋا گەۋدىسىنى ئېگىزلىتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا شوتا بېلىنىڭ تېگىگە جانلىدىغان شەكلى شوتا بېلى بىلەن ئوخشاش راسلانغان قوشۇمچە ياغاچتىن ئىبارەت.

شوتا بېلى — شوتا بېلى ھارۋا ساندۇقى توغرا كېلىدىغان بىر مېتىر 80 سانتىمېتىر ئارىلىقنى كۆرسىتىدۇ. شوتا بېلى شوتا پاينىكىگە كەلگۈچە ئۈستى تېپىك تۆت چاسا، تېگىنىڭ ئىككى تەرىپى پاكار، ئوتتۇرى ئېگىزرەك ھالەتتە ياسىلىدۇ.

شوتا پاينىكى — شوتا پاينىكى ھارۋا ئارقىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شوتا بېلىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن 50 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇق، 12 سانتىمېتىر كەڭلىك ۋە ئون سانتىمېتىر قېلىنلىقتا يان قىرلىرى بوكۇلۇپ، يۇقىرىغا سەل قاڭقايتىلىپ راسلىنىپ، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر 20 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئالتە سانتىمېتىر، قېلىنلىقى بەش سانتىمېتىر كېلىدىغان قارىياغاچ ياكى قىيىن ياغىچىدىن ئىككى بېشىدىن 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئەركەك تۇرۇپ چىقىرىلغان ئۈچ تال توغرا بالداق چېتىلىپ ياسىلىدۇ.

ھارۋا ساندۇقى — ھارۋا ساندۇقى ھارۋىنىڭ يۈك بېسىش ئورنى بولۇپ، تۈزۈلۈش جەھەتتىن توغرا بالداق، تەگلىك، باستۇرما، تىز، توققۇما رىشاتكىلاردىن تەركىبلىنىدۇ.

توغرا بالداق — توغرا بالداق ئادەتتە ئىككى شوتىنى

بىر-بىرىگە چېتىپ شوتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر 20 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئالتە سانتىمېتىر، قېلىنلىقى بەش سانتىمېتىر كېلىدىغان قارىياغاچ ياكى قېيىن ياغىچىدىن تەييارلىنىپ، ئىككى بېشىدىن 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئەركەك تۇرۇپ چىقىرىلىپ ياسىلىدۇ.

تەگلىك ــ تەگلىك ھارۋىنىڭ يۈك بېسىش ئورنىنى، يەنى ئىچىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە كۆتەك ھارۋا تەگلىكىنىڭ كەڭلىكى بىر مېتىر، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر 80 سانتىمېتىر بولىدۇ. ئىككى شوتىنى بىر-بىرىگە چېتىش ئۈچۈن تارتىلغان توغرا بالداقلارنىڭ ئۈستىگە بىر-بىرىگە ياپىسى كەلتۈرۈلۈپ تىزىلىپ ياغاچ مىخلار بىلەن مىخلىنىپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ.

باستۇرما ــ باستۇرما ئالدى باستۇرما ۋە ئارقا باستۇرما دەپ ئىككى بۆلەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالدى-ئارقا باستۇرما ئوخشاشلا ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر 50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 12 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى يەتتە سانتىمېتىر كېلىدىغان قارىياغاچ ياكى قېيىن ياغىچىدىن تەييارلىنىپ، ئىككى بېشىدىن 15 سانتىمېتىر ئارىلىق تاشلىنىپ، 12 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇق، ئۈچ سانتىمېتىر كەڭلىكتە چىشى تۇرۇپ ئېچىلىپ، ھارۋا شوتىسىغا ياغاچ قوزۇق ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ.

تىز-تىز ھارۋا باستۇرمىسىدىن ئېچىلغان چىشى تۇرۇمغا سېلىنىپ، ھارۋىنىڭ ساندۇقچىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 12 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئۈچ سانتىمېتىر كېلىدىغان قارىياغاچ ياكى قېيىن ياغىچىدىن تەييارلىنىپ، ئالدى تەرىپى تېگىدىن تۆپىگە سەل قىيپاش، ئارقا تەرىپىنىڭ تېگى-تۆپى سەل قىيپاش، ئوتتۇرى ئويمان ھالەتتە ياسىلىدۇ، ئىككى باستۇرما ئۈچۈن تۆت تىز تەييارلىنىدۇ.

توقۇما رىشاتكا ــ توقۇما رىشاتكا ھارۋا باستۇرمىسىغا سېلىنغان ئىككى ياندىكى ئىككىدىن تۆت تىزدىن بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى چىشى ئېچىلغان تۇرۇملارغا كىرگۈزۈپ مۇقىملاشتۇرۇلىدىغان ئىككى بېشىدىن مۇۋاپىق ئەركەك تۇرۇم ئېلىنغان، ئوتتۇرىنىڭ بەش-ئالتە يېرىدىن چىشى تۇرۇملار ئېچىلىپ، توغرا بالداقلار كىرگۈزۈلۈپ توقۇلما ھارۋا ساندۇقچىسىنىڭ ئىككى يېنىنى كۆرسىتىدۇ.

ھارۋا چوققىلىقى ــ ھارۋا چوققىلىقى سەل ياپراق كەلگەن بىر مېتىر ئون سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇق، چوڭ بىلەك تومۇلۇقىدىكى ئىككى تال ياغاچنىڭ باش تەرىپىدىن بەش سانتىمېتىر، تۆۋەن ئارىلىقىدىن ئۇزۇنلۇقى سەككىز سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئىككى سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئەركەك-چىشى تۇرۇپ ئېچىلىپ، بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈلۈپ، ئاياغ تارىدىن بەش سانتىمېتىر ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ، ئۈستى تىك، ئاستى بۈكۈك ھالەتتە كىرتىلىنىپ، ھارۋا شوتىسىغا مەھكەم تېكىلىپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. باش تەرىپىدىن چىققان ئاچا ئوتتۇرىسىدىن خام تاسما ياكى سىم بىلەن تارتىلىپ، ھارۋىنىڭ ئالدى باستۇرمىسىغا چىلىڭ باغلىنىپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. بەزى ھاللاردا چوققا بىلەن ئالدى باستۇرما ئارىسىغا ئارقا تەرىپى تۈز، ئالدى تەرىپى يېرىم ئاي شەكلىدە ئويۇلغان، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر 40 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئالتە سانتىمېتىر، كەڭلىكى 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان تاختاي قويۇلىدۇ، بۇ ھارۋىكەشلەرنىڭ ھارۋا ھەيدەش جەريانىدا ئولتۇرۇش ۋە ھارۋا ئىچىنى كېڭەيتىش رولىغا ئىگە.

مەن بۇ ئاددىي يازمادا ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق ئەسىرلىك ياشاش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئەقىل-پاراستى ۋە تىنىمسىز ئىزدىنىش روھى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن يەنە بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى ياغاچچىلىق ۋە ياغاچچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمان-جابدۇقلارغا قوشۇپ تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىمىزدىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەن ئەنئەنىۋى نەقلىيەت فولكلورىمىزغا تەۋە كۆتەك ھارۋا ۋە كۆتەك ھارۋىنىڭ ياسىلىش قۇرۇلمىلىرى توغرىسىدىكى ئىزدەنمىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەسپداشلار بىلەن ئورتاقلىشىشنى لايىق كۆردۈم. نەقلىيەت فولكلورىمىزدىكى ھارۋىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ھەققىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە تەئەللۇق بولغان قەھرىمانلىق ئېپوسى ئوغۇزنامە ۋە يىل دەۋرى ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان قىيا تاش رەسىملىرىدە نۇرغۇنلىغان ئۇچۇرلار بېرىلگەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. شۇڭا تارىخىي يىلتىزىمىزنى قېزىش ۋە ئۇنى بۈگۈنىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئەجدادلىرىمىز ئەقىل-پاراستىنىڭ جەۋھىرى بولغان مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرىمىزدىن ئەۋلادلارنى خەۋەرلەندۇرۇش ئەلۋەتتە ئارتۇقچە ئىش بولمىسا كېرەك.

(ئاپتور: توقسۇزتارا ناھىيە دۆلەتباغ يېزا مويۇنگۆزەر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى)

# قىز-يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەت قوشاقلىرى



ھاۋادىكى بۇلۇتلار
يارىمغا سالام دەڭلا،
مېنى سورىسا يارىم —
ژۇرۇپتۇ ئامان دەڭلا

ھاۋا تۇتۇلۇپ چىقدى
ئۆگزەڭدە قار بارمۇ ؟
ھالەمنى كېزىپ كەلدىم
سېنىڭدەك ياخشى يار بارمۇ.

ھاۋالا تۇمانلاپتۇ —
ژىلقىلارغا نانلاپتۇ،
ئالتۇن قارا كۆز يارىم
نىمەدىن يامانلاپتۇ.

ھىجران خەنجىرىن سالدى
جانىمىزنى ئالغىلى،
يارىم كەتدى يانىمدى —
باشقا يارنى تۇتقىلى.

ئەۋۋەلدە ئويۇن قىلسام
ژىغلار ئىدى ئول دىلبەر،
بۇدەمدە ئويىن قىلسام
قاراپ كۇلگەندەك بوپتۇ.

دۇتار چېلىپ ئولتۇرسام
يارىم كەلدى يانىمغا،

شېرىن سۆزنى سۆزلەپ
ئوتنى سالدى جانىمغا

دۇتار چېلىپ بېرەي سىزگە
ئۇسسۇل ئويناپ بېرىڭ بىزگە،
خۇشخۇيلۇق بىلەن ئويناڭ
ئەل ھەيران قالۇر سىزگە.

دەرۋازەڭنىڭ باشىدا
قومۇش بىلەن زاراڭزا،
كىچىككىنە بىر يارىم بار.
كىچىككىنە بالاڭزا.
دەييا بويىدا تاش تولا

بىر ياخشىنى ئاداش تۇت،
ئاداشىڭ يامانلىسا —
ئويناپ كۇلۇپ ھاراق تۇت.

دەييا مۇنداغ ئاقارمۇ ؟
ئېقىپ لەبىدىن تاشارمۇ
يارىم كىيگەن ئەرجى بەل
مۇنداقما ياراشارمۇ ؟!

دەردى تولادۇر يارىنىڭ
كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق،
ئويناپ ئالىنى يارىم
بۇ ئىشىنىڭ يامانى يوق.

دەردىڭنى ماڭا ئېيتسالڭ
سېنىڭ ھالىڭغا مەن يېتسەم،
ئۆزەمنىڭ ئىلكىدە بولسالڭ
باياۋانغا ئېلىپ كەتسەم.

دەرت كەلدى بۇ باشىمغا ـــ
ژىگىرمە ئىككى ياشىمدا،
ئول خۇدايىم بەرمىسە
ئىشەنچىم يوق ئاداشىمغا.

دەريا بويى قومشلۇق
قۇمش ياندا قوراي،
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم
ئېرىڭ بارمىكىن سوراي.

دەرۋازەڭ ھەجەپ يوغان ـــ
ئېلىپ قويغانى بولماس،
كىشىنىڭ قولىدا يارىم
سۆيۈپ قويغالى بولماس.

قىزىل گۈل تۇۋىدە سىن چاي
ئىچىپ خۇمارەلەر بولدۇم مەن،
بىر كېلىپ كەتەي يارغا
تۇرۇپ دەيۋانىلەر بولدۇم مەن.

قىزىل گۈلۈم ، قىزىل گۈلۈم
ھەجەب ۋاختا غازاڭ بولدۇڭ،
مېنى مەيخانىگە تاشلاپ
ئۆزەڭ يولغا راۋان بولدۇڭ

قۇرغۇيۇڭ بولاي يارىم
مەيدەڭگە قوناي يارىم،
ئۆزگە يارىڭ بولمىسا
چىلڭ يارىڭ بولاي يارىم.

قاشىڭ ئەسلى قارادۇر
ئوسما قويغانىڭ يالغان،
مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۈم
سېنىڭ كۆيگەنىڭ يالغان.

قاشىڭنىڭ قاراسىغا
خال بولاي ئاراسىغا،
ئەسلى.رەھمىڭ كەممەيدۇ
مۇسۇلمان بالاسىغا.

قورايىڭدىن موزاي چىقدى
تەگدىن تولىسى قاشقا،
ھېيتۋاقى كۆيۈپ قاپتۇ
نازىنخان قەلەم قاشقا.

قاشىڭنىڭ قارالاغى
ئىرغاينىڭ زىباتالى،
خويماغىنا ساغىرىپتۇ
يارىمنىڭ شېرىن جانى.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ
دەيياغا تېقىن چاغلا،
مېنىڭ بۇژغىلىغانىمنى
ئول يارىم قاچان ئاڭلا.

قاشىڭ ئەسلى قارادۇر
ئوسما قويمىساڭ يېتەر،
سەن ئۆلتەۋسسەڭ مېنى
ئۆزەمنىڭ ئۆلگىنى يېتەر.

قاشىم تارتىدۇر مېنىڭ
تاشكەنتدىن يارىم كېلۇر،
ئۆزى كەلمىسە يارىنىڭ
خۇش خەۋەر سۆزى كېلۇر.

قاشىڭ قاراسى سەندە
ئاي يۈزۈڭگە مەن بەندە،
قىشقىغاندا كەلمەيسەن
يۈزۈڭ قارا شەمەندە.

قاشىڭنىڭ قاراسىنى
قاراخەتكە ئوخشتاي،
ئەرتە ئاخشام كەلمىسەڭ
بويۇڭنى كىمگە ئوخشتاي.

قاناتىم بولسا مەن ئۇچسام
يارىم بار مەھەللىگە قونسام،
ياتار جايىنى بىلسەم
ئاچىپ مەن قوينىغا كىرسەم.

قاشىڭىز قارا ئىكەن
ھويلىڭىز ساراي ئىكەن،
مەن ئاخشام باراي دېسەم
دۈشمەنلەر مارايدىكەن.

قېلويدىن شامال چىقسا
يار بۇنۇمغا پۇرايدۇ،
خوتنۇم قوشنىسى دۈشمەن
كىمدىن بىزنى سورايدۇ.

قاشىڭنى قارا دەيدۇ
ئۆزەڭنى ئۇز زوھا دەيدۇ،
مەگەر ئىشقىڭدا جان بەرسەم
شەھىدۇگەر بالا دەيدۇ.

قاشىڭىزنىڭ قاراسى
چۈشتى سېپىلغا سايەسى،
مۇنداق ژىراق بولارمۇ
ئىككىمىزنىڭ ئاراسى

قارا- قارا قاشلىغىم
ئۇزۇن- ئۇزۇن چاچلىغىم،
قاراقاشنى دەپ ژۈرۈپ
قارغا قالدى ئاشلىغىم.

قاراپ كۆزلىرىم تالدى
بىر سۆزىڭنى بەرمەيسەن،
نېمە ئانچە زا بولدىڭ
سۆيۈپ قويغانىغا ئۆلەمسەن !

قاشىنىڭ قارىسى سىزدە
كىشى سۆز بەردىمۇ سىزگە،
كىشى سۆز بەرمىسە سىزگە
يامانلىق قىلمىدىم سىزگە.

جۇگانىما قاراپ يۇردۇم
قىزغىمۇ قاراپ يۇردۇم،
جۇگانىماغا باقمايمەن
قىزغا قاتىدۇ كۆڭۈل.

قاشىڭىز قارا ئىكەن
كۆزىڭىزگە كۆيدۇم مەن،
كېلىنىڭىز ئاتلىق ئىكەن
لەبىڭىزگە سۆيدۇم مەن.

قوش تېرەك ئاراسىدا
قول ئالغانىڭىز قەنى،
ھەرگىز ئايرىلمايمىز دەپ
سۆز بەرگەنىڭىز قەنى؟!

قىزىل گۈل ئاڭلىمامدۇ
بۇلبۇلنىڭ سايراشىنى،
ئۆلسەم ئارمانىم يوقتۇ
بىر كۆرسەم جامالىنى.

قولىدا پەرەڭ ياغلىق
يارنىڭ كۆزىدە ياشى بار،
يار كۆڭلى بۆلەك ئىكەن
كۆڭلىدە قارا قاشى بار.

قىزىل ئالما قىزاغاندەك
قىزىل ئۆزلۈگۈم يارىم،
ئاغزىدا ناۋات بارمۇ
شېرىن سۆزلۈگۈم يارىم.

قىزىل ئالما قىزارغاندەك
تۇتۇڭ چوكان ياشارغاندەك،
يۈزۈڭگە كۆيدۇم قارا كۆز
ياسالغان قىزىل گۈلدەك.

قىزغا ئاشىق يار بومىسا
يارنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
قىزلا كوچىدا تولا
سىنىڭدەك ئاشىقنى بىلمەس.

قىز بالا دېگەن نەرسە
توگار ئەگلىنى كېسە،
بويىندىن تۆتۈپ تۆرۈپ
شېرىن لەۋىنى سۆيسە.

قاشىڭىزنى ئاتتىڭىز
بىزنى تاشلاپ ئەتتىڭىز،
يوقمادى خۇدايىڭىز
زارمازار زىغلاتتىڭىز.

قۇشقاچلار جۇكۇلدايدۇ
قۇرغۇي كەلگەن ئوخشايدۇ،
ژۈرەكلەر زىغىلدايدۇ
يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ.

كەتمەكچى بولۇپ قالدۇق
يار كېتەمدىكىن بىللە،
يار كەتسە بىللە كەتسۇن
ئۆيۈن كۆلكەسى بىلەن.

كەچ كىردى زاۋال بولدى
يارىغا ۋابال بولدى،
جالانى يوغان سەلىپ
لاچىندەك چوكان بولدى.

كېچە مە كېچە بوسا
كۈندۈزما، كېچە بوسا،
يار بىلەن تېپىشقاندا
تاڭ ئاتماس كېچە بوسا.

كوكوكلا كېلىپ قاپتۇ
بىرى تاغدا بىرى باغدا،
بىزنىڭ قارا كۆز قايدا
كۆڭلى خالىغان جايدا.

كەكلىك تولا سارايدۇ
مېدەسىدىن ئايرىلىپ،
جۇگانلار تولا زىغلايدۇ
ئاداشىدىن ئايرىلىپ.

كېچە بىر ئۆيقۇدا ياتسام
ئېتىڭنى قامچىلاپ ئۆتىدىڭ،
ئۆنۈگما يوق-سۆزىگما يوق
ژۈرەككە ئوت سېلىپ ئۆتىدىڭ.

كاشكى كۆرمىگەي ئەردىم
كۆڭۈل بەرمىگەي ئەردىم،
ساڭا بەرگەن كۆڭلىمنى
تەندە ئاسرىغان ئەردىم.

كۆڭلىنى ئۆزەي دەيمەن
كۆڭۈل ئۆرۈشتى ئۆزۈلمەيدۇ،
كۆڭۈل ئەيتۇركى، ئەي نادان
كۆڭۈل بەرگەن ئۆزۈلگەيمۇ؟!

كەتسەڭ كېتتۇە يارىم
سەندىن يوقتۇ پەرۋايىم،
بۇ بېشىم ئىسەن بولسا
ھەريەردە مېنىڭ جانىم.

كۆڭۈل بەرمىسەڭ يارغا
ئوق تەگمەس ئىدى جانغا،
كۆڭلىنى قويۇپ بەرسەم
ژۈرەك ئۆرلە قانغا.

كۆيۈپ كۆل بولمىغاي ئەردىم
يېتىپ ئوت بولمىغاي ئەردىم،
ساڭا كۆڭۈل بەرمىسەم ئەردىم
مۇنچە بولمىغاي ئەردىم.

كۆچەت تىكدىم بېك بولدى
بىر قاراڭغۇ باغ بولدى،
يارنىڭ ئامانەتى
ژۈرەكىمگە داغ بولدى.

كېتىپ بارىسەن يارىم
قاچان كېلىسەن يارىم،
سېنىڭ كەلمىگىڭ مۇشكۈل
مەن بېرىپ كۆرەي يارىم.

كېچە بولسا ياتمايمەن-
پەنجىرەگدىن پاتمايمەن،
راس گېپىڭنى ئېيت يارىم-
سېنىڭ دەردىڭنى تارتمايمەن.

كەت دېسەڭما كىتمەن
كەتمە دېسەڭما كىتمەن،
ئارىدا ئۆلگى قونۇپ
يارىم قېشىغا يىتمەن.

گۈلنى قاتار ئوينايلى-
بىزنى ھېچكىم تۇيمىسۇن،
كىمنىڭ مەيلى كىمدە بار-
قويۇپ بېرىڭ ئويناسۇن.

گۈلزارلىڭ ئارا چوغلۇق
گۈلزار ئىچى بۇلبۇللۇق،
گۈلنىڭ گۈلى سارىخان
سىزگە سېغىنىپ قالدۇق

گۈل كەشسېنىم ئويماق،
بارمۇ يارىدىن تويماق
قايسى نادانىنىڭ ئىشى
ئۆز يارىدىن ئايرىلماق

گۈل مەشۇق مېنىڭ يارىم
ئىيگىدە تۇرامدۇ،
بېرىپ سوراڭلا ياردى
مېنىڭ بىلە ئوينامدۇ.

كېتىپ بارغان ئايلامنىڭ
چاچى ئۇلاققا ئوخشايدۇ
ئىشتارەتنى بىلمەيدۇ
ياغاچ قۇلاققا ئوخشايدۇ.

گۈلنىڭ غۇنچىسى كۆرۈك
سايغا بېقىپ قارايدۇ،
بىيۇپا يارنى كۆرۈك
تىرىك ئايرىلاي دەيدۇ.

كۆرۈنگەن قارا تاغلا
ئاقسى قارا باغلا،
بىزنىڭ يار كىچىك بالا
بىلىغا دودۇن باغلا.

كۆرۈنگەن قارا تاغدا
ئات قارىندا ياغدى قار،
ئايرىلىپ كەتەي دېسەم
كىچىكلىكتە توتقان يار.

لەپ-لەپ ئېتەدۇر كۆڭلۈم
يار قاشىغا بارغالى،
مەڭزىگە سۆيۈپ قويىپ
تەننى تازا قىلغالى.

مەن كىردىم باققانلىققا
مەيدەمنى ياققانلىققا،
مېنىڭ يارىم تىگىپ ئالدۇ
قاپ قارا ساقاللىققا

مەن مىنگەن تورۇق ئاتنىڭ
ئوڭ قۇلاقىدا ئەن بار،
قورقماي چىققىن تالاغا
ئىشىك تۈۋىدە مەن بار.

مېنىڭ ئىككى يارىم بار
بىرى ئالىم، بىرى زالىم،
بىرىگە ئانچە خوشام يوق
بىرى كۆڭلۈمدىكى يارىم.

مەن ئەمدى بارامەنمۇ
ئىشكىدە تۇرامەنمۇ،
چىقماس يارىنى ساقلاپ-
سوغوققا توڭامەنمۇ؟

مېنىڭ يارىم چىرلايدۇ
بارسام ئېرى تالايدۇ.
باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ
ماڭا بېقىپ ژىغلايدۇ.

مەن كىمنى دەپ ئۆلتادىم؟
مەن يارنى دەپ ئۆلتادىم،
ئوقەتنى خىيال قىمماي
ئاقامچە زوڭ ئۆلتادىم.

مەن ئەردىم سېنىڭ بىلە
بولمادىڭ مېنىڭ بىلەن،
سەن ياشقا كىچىك، نادان-
سەرگەردان مېنىڭ بىلەن.

مەن (كۇرە)گە بارغاندا
تۆت سەر ياماقىم بولسا،
مېنىڭ تاۋۇم ئۇسمەمدۇ؟
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا.

مېنىڭ مەقسىدىم شولدۇ
سېنىڭ ئالدىڭدا جان بەرسەم،
ئاياغىمدا مادارىم يوق
بېرىپ باشىڭدىن ئۆرگەلسەم.

مېنىڭ بۇ سۇنۇق كۆڭلۈمنى
چىرايلىق مەشۇقىم ئالدى،
راس سۆزۈڭنى ئېيتىپ يارىم
پوچەك جان كىچكىنە قالدى.

مېنىڭ يارىم ھەجەب دانا
ھەجەب رەھنا، ھەجەب خۇشخۇي،
ئاخشاملىققا مەن باراي
ئىشىكىڭنى ئېچىپ قوي.

مېنىڭ يارىم ھەجەب رەزگى
ئېنىڭ ئويناپدىغان ۋاختى،
ئىچىمدىكى دەرتلىرىم
قانغا ئۆرلىپ ئاقتى.

مېنىڭ يارىم سەپەر قىلدى
مېنىڭ مۇندا يارىم يوق،
كۆيەر ئوتقا سىلىپ كەتتى
تارتماسلىققا ئىلاجىم يوق.

مېنىڭ دەردىمنى سەن تارتقان
سېنىڭ دەردىڭنى مەن ئارتقان،
كېچەلەرى تال تالچىبىقتەك
بىلىڭگا چىرمىشىپ ياتقان.

مېنى مۇندا قويامسەن
ئۆزەڭ ئاندا بارامسەن،
ئاتام ساغان باغچىدا
ئويناغىلى قويامسەن.

مەن سېرىخ، جانىم سېرىخ
ساغايغا نىمنى كىم بىلۇر،
ساغىرىپ ئىشكىدە تۇرسام،
مەھرىبان يارىم كېلۇر.

مەن بۇگۇن نىمە بولدۇم
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى
ھاشىق بىقارار بولدۇم.

مېنى كۆرگەن دۇشمەنلە
بۇلەكلەنى كۆرمەيدۇ،
دۇشمەن سۆزىگە كىرىپ
يارىم مېنى سۆيمەيدۇ.

غانجۇغامدا ئارغامچا
ئورۇدۇم سانىمنى ئاتقا،
سەن مېنى دېسەڭ يارىم
بەرمە كۆڭلىڭنى ياتقا.

ئاتىم چىلبىر ئارغامچى
ماڭماسا ئۇراي قامچى،
مان يارنى سېغىنغاندا
ئارتۇچ يوللەرى قانچا.

غۇلجىغا كىرىپ كۆزدە
ياتدىم مەن تالا تۇزدە،
نازىم بولۇپ ھوقۇشى
قىچقىرار پىراقىڭدە.

يار-يار مەھەللەڭگە بارسام
ژۆرەكلە پوكۇلدايدۇ،
دۈشمەنلەر مېنى كۆرۈپ
خويما كوتۇلدايدۇ.

ياغاچ پېچاق ئالغانلا
بازاغا كېلەلمەيدۇ،
يالغۇز بىر پېچاق بىرلەن
چوكاننى ئالالمايدۇ.

يارىمنىڭ بويىنى زىبا
زىبا بويىدا گۈل بار،
شېرىن سۆزلىرى تاتلىق
ئاي يۈزىدە خالى بار.

يارىم يانىغا كەلسە
بوينۇمنى قۇچاپ سۆيسە،
قۇچاغىمدا ئۇلتۇسا
راخەت بولىدۇ جانلا.

يار ئۆيگە كىلەر بوسا
يانىمىزدا ئۇلتاماي،
جانىمنى خىرىد قىلىپ
قىلدى ئېنى مېھمانلا.

يارىم باققا بارايلى
گۈل غۇنچىسى ئالايلى،
موداڭ گۈل ئېچىلىپتۇ
قىسساڭ باشقا رەيھاننى.

يارىم بارىدۇ باققا
ئۇر ئۇلاپ كىيىك تاقى،
يارىمنى ئۆزەم ئاڭلاپ
خوشال بولىدۇ جانلا.

يازنىڭ كۈنى تومۇزلا
ياز ئەخرى كۈزلەدە،
قىش كۈنى مىچىتلەدە
ژۈردۈم مەن تىلەڭدە.

يار ئارقىسىدىن باردىم
قورغاسنىڭ مازارىغا،
يارىمدىن بىلەممەسمەن
بىر خەۋەر ئالارىمنى.

يارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ
باغدا مەشرەپ ئوينايلى،
قاشنى ئاتىپ قويۇپ
يارنى قىيناپ ئوينايلى.

يارنىڭ ئىشگى تاللىق
شاخ شاخىدا ماجانلىق،
شىنى سۆيگەن هاشقلا
ھەر كوچىدا ھەيرانلىق.

يار بولسا ياراشقىدەك
دۈشمەنلە قاراشقىدەك،
ئۆزى ئۆيقىدا تۇرۇپ
ئويغانىپ كۆز ئاچقىدەك.

يار يالغۇز ياتامدىكەن
مەن بارسام قاتامدىكەن،
خويما تولا ساغىندىم
جىيال قىلىپ ياتامدىكەن.

يار دەردى يامان ئىكەن
مەن ئاۋارە بولمايمەن،
باراي دېسەم يول ژىراق
ۋاختىدا كۆرەلمەيمەن.

يارىم بەرگەن ئۆچ ئالما
ئۆچىلاسى قوينۇمدا،
ئوخلاپ چۆچۈپ ئويغانسام
يارنىڭ قولى بوينۇمدا.

ژۇقاتىن چۈشۈپ كەلدىم
قارا قاغىدەك ئويناپ،
ئويناساڭ تۆزۈك ئوينا
ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن.

زوفاردەن چۇشۇپ كەلدىم
ئىككى بۆرىنىڭ ئىزى،
كۆڭلۈمنى ئېلىپ كەتتى
يەتتە ئاكامنىڭ قىزى.

يارىمنىڭ سىكىلەكى
چۇشۇپتۇ ياڭاقىغا،
قىزنى سۆيۈپ قويۇپ
ئۆلەيمۇ ياتاقىغا.

يارىم بارمىغان تويغا
مەن سورماي بارالمايمەن،
يارنىڭ كۆڭلى بەك نازۇك
چاي قۇپ ئالالمايمەن.

يامغۇلا تولا ياغسا
ئۆيىدىن ئۆتىدۇ تامچا،
مەن يارنى سېغىنغاندا
پۇتۇم ئات، قولۇم قامچا.

يارىم ئېلىغا كەتەدى
ئەمدىلەتىن يەتكەندۇ.
قولدا بىلەتى يوق
قورولدىن قانداق ئۆتكەندۇ.

يارىم بىلەن ماڭدىم
باغدىن گۈل ئۈزۈپ ياندىم،
يارىم ئاندا يار تۇتسا
ئۈممەتنى ئۈزۈپ ياندىم.

يار دەپ مەن ئارا بولدۇم
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم،
يار دەردى يامان ئىكەن
ساغرىپ سامان بولدۇم.

يار دەيسەن يانا دەيسەن
يار قەدرىنى بىلمەيسەن،
يار قەدرىنى بىلگەندە
تالڭ سەھەردە يىغلايسەن.

يارىم مېنى چىرلايدۇ
بارسام مېنى تىللايدۇ،
تىللاسىما تىللاسۇن
ياردىن كۆڭلۈم قالمايدۇ.

يارنىڭ باغىدا بىر گۈل
ماڭا قارىلاي دەيدۇ،
مەن يارغا نېمە قىلدىم
مەندىن ئايرىلاي دەيدۇ.

يارىم بەرگەن ئۈچ ئالما
ئۈچى ئۈچ بۆلەك ئىكەن،
مەقسەتكە يەتكۈزمەيدۇ
ھەجەب كاژ زامان پەلەك ئىكەن.

يارىمغا ساراي سالسام
گۈل بىلەن مۇنار قىلسام،
يار ئىچىدە بولمامدۇ
ھەرقانچە گۇنا قىلسام.

يار ھۇجرىسىدا ياتىپ
دېگەن سۆزلىرى ماقۇل،
يار مەندەن يامانلاپتۇ
مەن يارىمغا نامۇقۇل.

ياخشى كۆندۈر بۇرادەرلەر
كىشى مۇرادىغا يەتسە،
چېكىپ جورى جاپالارنى
ئۆزى مەستانىغا يەتسە.

يارىم كېلەدۇر خاراپ
سۇنبۇل چاچىنى تاراپ،
مەن يارغا نېمە قىلدىم
يامان كۆزىدە قاراپ.

يار بولسا، تۈزۈك بوسا
قولدا ئۈزۈك بوسا،
ھەم مەڭزى قىزىل بوسا
ھەم بەختى سۈزۈك بوسا.

تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد

# قىزىل ئەۋلىيا



ئۆتكەنكى زاماندا قىزىل ئەۋلىيا ئەسىملىك بىر ئەۋلىيا ئۆتكەنىكەن. يەتتە ئىقلىمدا ئىلىم-ھېكمەتتە ئۇنىڭغا يېتىدىغان كىشى يوق ئىكەن، دۇنيانىڭ ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسى ئۈستىدە توغرا ھۆكۈم چىقىرالايدىكەن. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ئەۋلىيا دەپ ئاتىشىدىكەن. قىزىل ئەۋلىيا 60 يىللىق ئۆمەرىنى تالىپ تەربىيەلەش، كىشىلەرنىڭ چۈشى ۋە كەلگۈسى تەقدىرگە قۇرئى سېلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. قىزىل ئەۋلىيا بىر كۈنى كېچەسى بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ساھىبجامال بىر قىزنى كۆرۈپتۇ. ئويغىنىپ بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغاندا خۇدا ماڭا بىر ساھىبجامالنى ئاتا قىلغان ئوخشايدۇ، ئۇ ساھىبجامال مېنىڭ نىكاھىمغا چۈشتىمۇ-يوق، قۇرئى سېلىپ باقاي دەپ شۇنداق كىتابنى ئېچىپ قارىغانىكەن، چۈشىدە كۆرگەن ئۇ ساھىبجامال قىزنىڭ نىكاھىغا چۈشكەنلىكى، پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىكى بىر باقاۋۇلنىڭ قىزى ئىكەنلىكى مەلۇم بوپتۇ. قىزىل ئەۋليانىڭ 40 نەپەر تالىپى بار ئىكەن، ئەۋلىيا تالىپلىرىنى چاقىرىپ:

— ئەي تالىپلىرىم، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ئاللاھ ماڭا بىر جورا ئاتا قىپتۇ، ئۇ پادىشاھ ئوردىسىدىكى بىر باقاۋۇلنىڭ قىزى ئىكەن، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى رازى بولامدىكەن، قىز ئۆزىنى ماڭا راۋا كۆرەمدىكەن-يوق سۆزلىشىپ كېلىڭلار، — دەپ تاپىلاپتۇ. قىزىل ئەۋلىيانىڭ تالىپلىرى باقاۋۇل بىلەن كۆرۈشكەنىكەن، باقاۋۇل ئۆز زامانىسىنىڭ بۇ ئۆلىماسىغا بىر قىزى ئەمەس، ئون قىزى بولسىمۇ بېرىشكە رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. باقاۋۇلنىڭ قىزىمۇ ئاتىسىنىڭ سۆزىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

قىزىل ئەۋلىيا يەتتە كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ باقاۋۇلنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئاپتۇ. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى قىزىل ئەۋلىيا ئۆزىنىڭ يەنە قانچىلىك ھۆمە كۆرىدىغانلىقى، باقاۋۇلنىڭ قىزىدىن بالا كۆرىدىغان-كۆرمەيدىغانلىقى توغرىسىدا قۇرئە ئاچقانىكەن، ئۆزىنىڭ يەنە بىر يىل ھۆمە كۆرۈپ باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىدىغانلىقى، بىر ئوغۇل پەرزەنت يۈز كۆرىدىغانلىقى، ئۆزىگە ئوغلىنىڭ يۈزىنى كۆرۈش نېسىپ بولمايدىغانلىقى مەلۇم بوپتۇ. قىزىل ئەۋلىيا ئۆزىنىڭ تەلەيسىزلىكىدىن قايغۇرۇپتۇ. ئاخىر تەقدىرگە تەن بېرىپ ئوغلىغا بىرەر بۈيۈك تەۋەررۈك مىراس قالدۇرۇش نىيىتىگە كەپتۇ.

قىزىل ئەۋلىيا كەلگۈسىدە دۇنياغا كېلىدىغان ئوغلىغا تەۋەررۈك قالدۇرۇش نىيىتىدە بىر مىسكەرچى، تۆمۈرچى، تىككۈچى چاقىرىپ، بىر دانە كىستىكاسا، كاناي سوقتۇرۇپتۇ ۋە بىر دانە يەكتەك تىككۈزەپتۇ. كىستىكاسىنى ئايەت سۈيىدە سۇغىرىپتۇ. ئۇ كىستىكاسىنىڭ ئىچىگە بىر تەڭگە سالسا، ئۇ بىر تەڭگە ئىككى تەڭگە بولۇپ چىقىدىكەن، ئىككى تەڭگە سالسا تۆت تەڭگە بولۇپ چىقىدىكەن. قىزىل ئەۋلىيا كانايىنىڭ ئىچىگە ئون مىڭ دانە دۈنى بەنت قىپتۇ. كىمكى كانايىنى قولىغا ئېلىپ بىر قېتىم پۈۋلىسە کانايىنىڭ ئىچىدىن شۇ زامان 100 دانە دۈ چىقىپ مۈشكۈلنى ئاسان قىلىدىكەن، ئىككى قېتىم پۈۋلىسە 200 دانە دۈ چىقىدىكەن. ئون قېتىم پۈۋلىسە 1000 دانە دۈ چىقىدىكەن، كانايىنى قول بىلەن بىرنى ئۇرسا بارلىق دۈ يەنە كاناي

ئىچىگە بەنت بولىدىكەن، قىزىل ئەۋلىيا تىككۈزگەن يەك- تەكنى كىمكى ئۇچىسىغا كىيسە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىن غايىب بولۇپ كېتىدىكەن، ئۇ ئادەمنى باشقىلار كۆرەلمەي- دىكەن، ئۇ ئادەم يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى كۆرە- لەيدىكەن.

— خوتۇن، مەن كەلگۈسىدىكى پەرزەنتىم ئۈچۈن ئۈچ تۈرلۈك خىسلەتلىك نەرسىنى قالدۇردۇم، ئوغلۇم چوڭ بولغاندا بېرەرسىز، — دەپ قىزىل ئەۋلىيا كىستىكا- سا، كاناي ۋە يەكتەكنى ئايالىغا بېرىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قىزىل ئەۋلىيانىڭ ۋاقىت سا- ئىتى توشۇپ باقىي ئالەمگە سەپەر قىپتۇ.

قىزىل ئەۋلىيا ئالەمدىن ئۆتۈپ ئالتە ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ ئايالى پاقالاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، ئوغلىنى ياخشى بېقىپتۇ، ئىسمىنى مەجنۇن قويۇپتۇ. مەجنۇن يەتتە ياشقا كىرگەندە مەكتەپكە بېرىپتۇ، 18 ياشقا كىرگىچە ئوقۇپ ئىلمىھان، ئىلمىكانى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوقۇپ ئە- لمىدە كامالەتكە يېتىپتۇ.

قىزىل ئەۋلىيانىڭ ئوغلى مەجنۇن ئوقۇشنى تامامل- غاندىن كېيىن دوست- يارەنلىرى بىلەن ئويۇن- تاماشا، ئەيش- ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىپتۇ. «ئەخمەقنىڭ دوستى تولا، پىيازنىڭ پوستى» دېگەندەك ئۇنىڭ ئەل- ئاغىنىلى- رى 40-50كە يېتىپتۇ. ئاغىنىلىرى نېمىنى يەيمەن دېسە شۇنى يېگۈزۈپ، نېمىنى كىيگۈسى كەلسە شۇنى كىيگۈ- زۈپ ئىككى يىلنىڭ ئىچىدە ئاتىسىدىن قالغان بارلىق مال - مۈلۈك، دەپى- دۇنيالارنى يەپ- ئىچىپ تامامەن تۈگىتىپ- تۇ، بارا- بارا ئاغىنىلىرىمۇ تېزىپ كېتىپتۇ. مەجنۇن بىلەن ئانىسى يەي دېسە يوق، ئىچەي دېسە يوق، ئېغىر كۈنگە قاپتۇ. ئاغىنىلىرىنىڭ قېشىغا بارغانىكەن، ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ- غا قاراپمۇ قويماپتۇ، ئانىسى باشقىلارنىڭ كىر- قاتلىرىنى يۇيۇپتۇ، ئۆزى مەدىكار بازىرىغا بېرىپ مەدىكارلىق قىپتۇ، تۇرمۇشى يەنە ياخشىلانماپتۇ.

— ئوغلۇم، ئاتاڭ ساڭا بىر كىستىكاسىنى مىراس قالدۇرۇپ كەتكەنىدى، ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىغا گۆش، ياغ، گۈرۈچ ئېلىپ كەلسەڭ تويغۇ- دەك تاماق ئېتىپ يەيلى، — دەپ بىر كۈنى ئانىسى مەج- نۇنگە كىستىكاسىنى بېرىپتۇ، مەجنۇن كىستىكاسىنى سېتىش ئۈچۈن بازارغا ئېلىپ مېڭىپتۇ.

قىزىل ئەۋلىيا قولىدا بىلىم ئېلىپ كامالەتكە يەتكەن بىر تالىپى بار ئىكەن، ئۇ تالىپ بىر مازاردا قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋېتىپ مەجنۇننى كۆرۈپ قاپتۇ، مەجنۇننىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئەي ئۇستازىمنىڭ ئوغلى، قەيەرگە ماڭدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاتامدىن ماڭا بىر دانە كىستىكاسا مىراس قالغان- كەن، ئۇنى سېتىش ئۈچۈن بازارغا ئېلىپ ماڭدىم، — دەپتۇ مەجنۇن تالىپقا.

— ئىگىسىنى سېغىنساڭ ئىتىغا سۆڭەك سال، دېگەن گەپ بار، مەن سىزگە بىر يول كۆرسىتەي، قولىڭىزدىكى بۇ كىستىكاسىنى ھەرگىز قولدىن چىقارماڭ، ئۇنىڭ خىسلە- تى شۇ يەردىكى، ئىچىگە بىر دانە تەڭگە سالدىڭىز ئۇ بىر تەڭگە كىستىكاستىن ئىككى تەڭگە بولۇپ چىقىدۇ. ئىككى تەڭگە سالسىڭىز تۆت تەڭگە بولۇپ چىقىدۇ، تەڭگە ھەسسىلەپ كۆپىيىدۇ. تۇرمۇشىڭىز گۈلدەك ئۆتى- دۇ، دەپ تالىپ كىستىكاسىغا تۆت تەڭگە سېلىپ يەرگە تۆككەنىكەن يەرگە سەككىز تەڭگە چۈشۈپتۇ. بۇ سەككىز تەڭگىنىڭ ئالتىسىگە گۆش، ياغ سېتىۋېلىپ ئانىڭىزنىڭ ھا- لىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭ، قالغان ئىككى تەڭگىنى كۆ- پەيتىش ئۈچۈن ساقلاڭ، — دەپتۇ تالىپ ۋە مەجنۇننىڭ كۆز ئالدىدىن غايىب بوپتۇ. تالىپنىڭ سۆزىگە ھەيران بولغان مەجنۇن كىستىكاسىنىڭ ئىچىگە قولىدىكى سەككىز دانە كۆمۈش تەڭگىنى سېلىپ يەرگە تۆككەنىكەن، سەككىز تەڭگە 16 تەڭگە بولۇپ چۈشۈپتۇ. مەجنۇن كىستىكاس- نىڭ بۇ كارامىتىگە بولغان ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئېشىپ گۆش، ياغ، گۈرۈچ سېتىۋېلىش ئۈچۈن شەھەر بازىرىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

مەجنۇن شەھەرگە كىرىپ 30 قاپاق ياغ، 70 تۇلۇم- دا ئۇن ۋە گۈرۈچ سېتىۋېلىپ ئۆيگە كېلىپ ئانىسىغا:

— ئانا، بىز بۈگۈندىن باشلاپ ئۇماچمۇ ئىچمەي- مىز، توقاچمۇ يېمەيمىز، يوقنى مەن تاپقىلى تۇرىمەن، تا- ماقنى ئوخشىتىپ ئېتەرسىز، — دەپتۇ. شۇ كۈندىن ئېتىبا- رەن مەجنۇننىڭ تۇرمۇشى پەۋقۇلئاددە ياخشىلىنىپ كېتىپ- تۇ، يەنە بىر بازار كۈنى يېتىپ كەلگۈچە مەجنۇن تەڭگە كۆپەيتىپ ئىككى تاغار كۆمۈش تەڭگىگە ئىگە بوپتۇ، بازار كۈنىمۇ يېتىپ كەپتۇ. مەجنۇن شەھەرگە كىرىپ كەچ كىرگىچە ئىككى تاغار كۆمۈش تەڭگىگە سودا قىلىپ 3000 تۇياق ئات- قېچىر، 3000 تايلىق تاۋار- دۇردۇن، ئەتلەس- شايى سېتىۋاپتۇ. ئالمىغان يىپ- يىڭنە، سۇزگۈچ، تارغاقمۇ قالماپتۇ. بىر ھەپتە ئىچىدىلا شەھەردىكى ئەڭ

كاتتا بايغا ئايلىنىپتۇ. بىر قانچە ئايغىچە راھەت- پاراغەت ئىچىدە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. كۆڭلىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنداق تەييار راھەت- پاراغەتلىك تۇرمۇشتىن زېرىكىشكە باشلاپتۇ ۋە شەھەردىن سېتىۋالغان 3000 تايلىق تاۋار- دۇردۇن، شايى- ئەتلەس، سۇزگۈچ، تارغاق، گەزمال، چەرچەنماللارنى ئېلىپ شەھەر ئايلانغاچ سودىگەرچىلىك قىلىش خىيالىغا كەپتۇ. شۇنداق كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مەڭجىل بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە رۇم شەھىرى پادىشاھىنىڭ قىزىنى كۆرۈپتۇ، 18 مىڭ ئالەم مىقياسىدا ئۇنداق لاتاپەتلىك گۈزەل قىز تېخى ئاپىرىدە بولمىغانىكەن. دۇنيادا چىرايلىق قىزدىن ئىككىسى بولسا بىرى شۇ، بىرى بولسا ئۆزى شۇ ئىكەن. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مەڭجىل رۇم شەھىرىنىڭ مەلىكىسىگە ئاشىقى- بىقارار بوپتۇ. ئانىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ ھەر بەش تايغا بىردىن چاكارنى مەسئۇل قىلىپ رۇم شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. تاغ- داۋانلارنى ئېشىپ ئالتە ئاي يول يۈرۈپ رۇم شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. شەھەر ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن مەڭجىل چاكارلىرىغا ماللارنى چۇشۇرۇپ، ھەر بىر چاكار ئۆزى ئېلىپ كەلگەن بەش تاي مالنى ئۆزى سېتىشنى بۇيرۇپتۇ. چاكارلار 3000 تاي مالنى شەھەرنىڭ ئىچىگە چۈشۈرۈپتۇ. شەھەرنىڭ پۈتكۈل كوچىلىرىنى مال بېسىپ كېتىپتۇ. رۇم خەلقى بىز ئۆمرىمىزدە بۇنداق كاتتا باينى كۆرۈپ باققان ئەمەس، دەپ ھەيران بولۇشۇپتۇ. خېرىدارلار مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن چاكارلاردىن مال باھاسىنى سوراپتۇ.

— بۇ ماللار بىزنىڭ ئەمەس مەڭجىل باينىڭ، سىلەر مالنىڭ باھاسىنى بايدىن سوراڭلار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چاكارلار خېرىدارلارغا.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم باي غوجام، بۇ ماللارنى قانداق ساتىدىلا؟ — سوراپتۇ خېرىدارلار مەڭجىلدىن.

— رۇم شەھىرىدىكى ئىشلىرىمىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن بۇ خېرىدارلارنىڭ ھاردۇق سورىغانلىقىنىڭ شەرپىگە بىر قۇردىن ئېسىل كىيىم تارتۇق قىلىڭلار، — دەپتۇ مەڭجىل چاكارلىرىغا. چاكارلار مەڭجىل بايدىن ھاردۇق سوراپ كىرگەن خېرىدارلارغا بىر قۇردىن ئېسىل كىيىم بېرىپ يولغا سېپتۇ، خېرىدارلار خۇشال بولۇپ قايتىشىپتۇ. ئۇلارغا ئۇچرىغان باشقا خېرىدارلار:

— بۇ مال، كىيىم- كېچەكلەرنى قانچە پۇلغا سېتىۋالدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شەھىرىمىزگە ھاتەم سۈپەت بىر سودىگەر كەپتۇ، ھاردۇق سوراپ كىرگەندۇق بىكارغا بېرىۋەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان باشقا خېرىدارلارمۇ مەڭجىلنىڭ قېشىغا ھاردۇق سوراپ كىرگەنىكەن مەڭجىل ئۇلارغىمۇ ئېسىل رەختلەردىن سوۋغا قىپتۇ. خېرىدارلار ئارقا- ئارقىدىن كېلىشكە باشلاپتۇ، مەڭجىل ئۇلارغا مال سېتىپ ئۈلگۈرتۈپ بولالماپتۇ.

— ئەي خالايىق، ماللارنى ئۆزۈڭ خالاپ ئېلىۋال، — دەپ ئېلىپ كەلگەن بارلىق ماللىرىنى تۆكمە قىلىۋېتىپتۇ، ھەر بىر كىشىنىڭ قولىدا بىر قۇچاقتىن مال، ئادەمگە- ئادەم سوقۇلۇپ شەھەر كوچىلىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپتۇ. مەڭجىل دۇكان ئاچقان كوچىلاردا كىشىلەر سەلدەك ئېقىشقا باشلاپتۇ.

مەڭجىلنىڭ ھارمىسلىغا مال سېتىۋاتقانلىق خەۋىرى پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا يېتىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرىنى بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ كىرىش ئۈچۈن چىقارتىپتۇ. ۋەزىر چىقىپ قارىغۇدەك بولسا شەھەر كوچىلىرىدا مال بىلەن ئادەمنىڭ تولىلىقىدىن پۇت قويغۇدەك يەر كۆرۈنمەپتۇ، ھەر بىر ئادەمنىڭ قولىدا بىر توپتىن مالنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر كۆن ئۆزىنىڭ مال- دۇنيالىرىنى خەققە بىكارغا بېرىپمۇ تۈگىتىپ بولالمايدىغان قانداق كاتتا باي بولغىيتتى بۇ، دەپ ئويلاپ ۋەزىر مەڭجىلنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. مەڭجىل پادىشاھنىڭ ۋەزىرىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ قېشىغا كىرگەنلىكىدىن چەكسىز خۇشاللىنىپتۇ ۋە ئېسىل نازۇنېمەتلەر بىلەن قىزغىن قارشى ئېلىپ كۈتۈۋاپتۇ. ئۆزئارا قىزغىن پاراڭلىشىپتۇ، ۋەزىر قايىماقچى بوپتۇ. مەڭجىل چاكارلىرىغا ئېسىل مالدىن بىر تاي مالنى تەييارلاشنى بۇيرۇپتۇ، چاكارلار ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ماللار ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل مالدىن بىر تاي مالنى تەييارلاپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، ئۆزلىرى بىر دۆلەتنىڭ بېشى ۋە سەلتەنىتى تۇرۇپ مەندەك بىر ئاددىي سودىگەردىن ئەھۋال سوراپ كەپتىلا، ئاز بولسىمۇ بۇ بىر تاي مالدا خوتۇن- بالىلىرىغا كىيىم- كېچەك تىككۈزۈپ بېرەرلا، — دەپ مەڭجىل بىر تاي مالنى ۋەزىرگە بېرىپتۇ. ۋەزىر بىر تاي مالنى ئۇدۇل ئوردىغا ئېلىپ بېرىپ بولغان ئەھۋالنى ۋە كۆرگەنلىرىنى پادىشاھقا ئېيتىپتۇ، رۇم شەھىرىنىڭ پادىشاھى مەڭجىل سوۋغا قىلغان ماللارنى تايدىن چۇشۇرۇپ ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان، كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان ئېسىل ۋە ھەر خىل بۇ ماللارنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ ۋە:

— ھازىرنىڭ ئۆزىدە قول ئاستىمدىكى ۋەزىر،
ئەمىر، ئەركانلار تېزلىك بىلەن يىغىلسۇن! — دەپ ئەمىر
قىپتۇ ۋەزىرگە. ۋەزىر ئوردىدىكى بارلىق ۋۇزرا، ئەركان،
ئەمىرالارغا پادىشاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈپتۇ. ئۇلار ئور-
دىغا يىغىلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىدا باش ئېگىپ، قول
باغلاپ تۇرۇپتۇ.

— ئەي ئوردا ئەھلى، بۈگۈن ئالتە ئايلىق يىراقلىق-
تىن شەھىرىمىزگە كاتتا بىر سودىگەر كېلىپ ھەشقاللىغا
مال سېتىپ، خەلققە ساخاۋەتچىلىك قىلىپ ئۇلارنىڭ رەھ-
مىتىگە ئېرىشىپتۇ، ھەتتا ۋەزىرگىمۇ ھەر خىل ماللاردىن
بىر تاي مالنى سوۋغا قىپتۇ. بۈگۈن كەچتە بىز ئۇ سودى-
گەرنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ئۇنىڭ شەھەر خەلقىگە كۆر-
سەتكەن ھىممىتىگە رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەك. شۇڭا
سىلەر ھازىردىن ئېتىبارەن ئوردا ئىچىنى جابدۇپ، ئېسىل
تائاملاردىن 73 تۈرلۈك تائامنى تەييارلىتىڭلار، ھاراق-
شاراب، مانتا - كاۋاپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئېشىپ
تۇرسۇن، — دەپتۇ پادىشاھ ئوردا ئەھلىگە. ئوردا ئەھلى
پادىشاھنىڭ تاپشۇرمىسىنى جان پىدالىق بىلەن بەجا كەلتۈ-
رىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشىپ ھەرقايسىسى ئۆز ئىشىغا كىرى-
شىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ مەھجىل باينى چاكارلىرى بىلەن
قوشۇپ ئوردىنىڭ كەچلىك زىياپىتىگە تەكلىپ قىلىپ ئەكې-
لىش ۋەزىپىسىنى ۋەزىرگە تاپشۇرۇپتۇ. ۋەزىر پادىشاھنىڭ
تاپشۇرمىسىغا بىنائەن مەھجىل باينىڭ تۇرالغۇسىغا يېتىپ
كەپتۇ. بۇ ۋاقىتتا كەچ كىرىپ خېرىدارلار ئۆيلىرىگە
تارقاپ كەتكەچكە مەھجىلنىڭ چاكارلىرىمۇ ھارمىسلىغا
مال سېتىشنى توختاتقانىكەن.

— ئەي ھۆرمەتكە سازاۋەر ساخاۋەتچى باي،
بۈگۈن پادىشاھ ئۆزلىرىنى كەچلىك بەزمىگە تەكلىپ
قىلدى، پادىشاھىمىزنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغايلا، —
دەپتۇ. مەھجىل:

— پادىشاھنىڭ ھاجىتى ماڭا چۈشۈپتىمۇ ياكى مېنىڭ ھا-
جىتىم پادىشاھقا چۈشۈپتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىردىن.

— بۇنىسى ماڭا نامەلۇم، مەن پەقەت پادىشاھنىڭ
تەكلىپىنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ھۇزۇرلىرىغا
قەدەم باستىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر ۋە مەھجىل-
نىڭ سورىغان سوئالىغا ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ.

— مەن پادىشاھنىڭ شەھىرىگە يىراق يەردىن كۆپ
جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن پادىشاھ
قائىدە - يوسۇن بويىچە ئاۋۋال مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا كېلىپ
ھال - ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن ئاندىن ئوردىغا تەكلىپ
قىلسا، ئۇنىڭدىن كېيىن مەن ئوردىغا بېرىشىم كېرەك، —
دەپتۇ مەھجىل ۋەزىرگە. ۋەزىر مەھجىلنىڭ قەسرىسىدىن
چىقىپ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ ۋە پادىشاھقا
بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ.

— ئەلمىساقتىن تارتىپ شەھىرىمىزگە باشقا شەھەر-
لەردىن سودىگەر كەلسە شەھەر پادىشاھى ئۇنىڭ ئالدىغا
چىقىپ ھال - ئەھۋال سورايدىغان ئىش مەۋجۇت ئەمەس،
بۇنداق قىلىشمۇ پادىشاھلىق سۈپەتكە مۇخالىپتۇر. بىراق
بۇ سودىگەر شەھىرىمىزگە ئىلگىرى كەلگەن سودىگەرلەر-
گە ئوخشىمايدىكەن، ئۇ سودىگەر شەھىرىمىزگە كېلىپ
خەلققە كۆپ ياخشىلىق قىپتۇ، مەن ئۇنىڭدىن ھال-
ئەھۋال سوراپ ئۇنىڭدىن كېيىن ئوردىغا تەكلىپ قىلسام
ھەرگىز زايە كەتمىگۈدەك، — دەپتۇ پادىشاھ ۋە ئۆزىنىڭ
مەھجىلدىن ھاردۇق سورىغىلى بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پا-
دىشاھنىڭ مۇلازىملىرى ئالتۇن مەپىنى توقۇپ - جابدۇپ
تەييار قىپتۇ. پادىشاھ ئالتۇن مەپىدە ئولتۇرۇپ مەھجىل-
نىڭ تۇرالغۇسىغا يېتىپ كەپتۇ. مەھجىل پادىشاھنى
ئىززەت - ئىكرام بىلەن قىزغىن قارشى ئېلىپ، 72 خىل نا-
زۇنېمەتلەر بىلەن مېھمان قىپتۇ. تائامدىن كېيىن پادىشاھ
ئۆزىنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. مەھجىل بارلىق
چاكارلىرىغا پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىش توغرۇلۇق
پەرمان چۈشۈرۈپتۇ ۋە 100 تاي سەر خىل مال تەييار-
لاشنى تاپىلاپتۇ. مەھجىلنىڭ چاكارلىرى سەر خىل مالدىن
100 تاي مال تەييار قىپتۇ. بۇ 100 تاي مالنى پادىشاھ-
نىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەنلىك شەرىپىگە ھەدىيە قىپتۇ.
پادىشاھ چاكارلىرىغا مەھجىل سوۋغا قىلغان 100 تاي
مالنى يېتىلىتىپ ئۆزى ئالتۇن مەپىگە ئولتۇرۇپ ئوردىغا
يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئوردىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن
مەھجىلنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن ئىلتىپاتىدىن خۇرسەن
بوپتۇ ۋە ۋەزىرگە:

— ئەي ۋەزىر، ئۇ سودىگەرنىڭ قېشىغا قۇرۇق قول
بېرىپ قالغانلىقىمغا تولىمۇ خىجىل بولدۇم، سىز مېنىڭ
ئالتۇن مەپەمنى ئېلىپ بېرىپ ئۇ سودىگەرنى ئېلىپ
كېلىڭ، — دەپتۇ. ۋەزىر مەھجىلنى ئالتۇن مەپىگە ئولتۇر-
غۇزۇپ، چاكارلىرىنى ئات - ئۇلاغلىرى بىلەن قوشۇپ ئور-
دىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھنىڭ 2000 نەپەر نەۋكىرى مەھ-
جىلنىڭ ماللىرىنى چارباغقا چۈشۈرۈپتۇ.

— ئات، تايلارنى يېچان ۋە بوغۇز بىلەن تويغۇزۇپ

ياخشى بېقىڭلار، — دەپ ۋەزىر، 3000 تاينى پادىشاھنىڭ ئات باقارلىرىغا تاپشۇرۇپتۇ ۋە مال-مۈلۈك، ئۇلاغلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن 1000 نەپەر ياساۋۇلنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا كاتتا زىياپەت باشلىنىپتۇ. تائام تارتىلىپ، ھاراق-شارابلارمۇ ئىچىلىپ، ئويۇن-تاماشا، نەغمە-ناۋا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر-ۋۇزرالىرى مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن شارابلارنى تاۋاقلار بىلەن مەڭجىلگە تۇتۇشقا باشلاپتۇ. ئەۋلىيانىڭ ئوغلى ئۆزىگە تۇتۇلغان شارابلارنى ياندۇرماي ئىچىۋېرىپتۇ. ئۇ بەئەينى ئېشىندى شاراب كۈپىنىڭ ئۆزدىگىلا ئوخشاپ قاپتۇ. تۈن نىسپىگە بارغاندا مەڭجىل بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ، پادىشاھ كەچكى زىياپەتنىڭ تاماملانغانلىقىنى، زىياپەت قاتناشچىلىرىنىڭ قايتىپ ئارام ئېلىشىنى بۇيرۇپتۇ، زىياپەت ئەھلى تارقاپتۇ. مەڭجىلنىڭ چاكارلىرىمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن ھازىرلانغان قونالغۇ-تۇرالغۇلارغا ئورۇنلىشىپتۇ. پادىشاھ مەڭجىل بىلەن يالغۇز قاپتۇ. «رۇم شەھىرىنىڭ پۈتكۈل خەلقىگە بىكارغا بېرىپمۇ تۈگىتىپ بولالمايدىغان بۇنداق كۆپ مال-دۇنيانى بۇ قەيەردىن تاپقاندۇ» دەپ ئويلاپ پادىشاھنىڭ قورسىقىغا بىر جىن كىرىپتۇ-دە، ئۆز ئويىنىڭ تېگىگە يېتىش مەقسىتىدە مەڭجىلنىڭ يېنىنى ئاختۇرغانىكەن ئۇنىڭ يېنىدىن بىر كىستىكاسا چىقىپتۇ. «ھە، بۇنى سەكرەتكەن ۋەج-دۇنيا مۇشۇنىڭ كارامىتى بولسا كېرەك» دەپ ئويلىغان پادىشاھ مەڭجىلنى ياتقۇزۇپ، ئوبدان يۆگەپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندىن كېيىن پادىشاھ تەختكە چىقىپ ئۆزىنىڭ ئەمرىنى يۈرگۈزۈشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. مەڭجىل بولسا يول ئازابى ۋە مەي كۈچىدىن ئۆز خۇدىنى بىلمەي ئۇخلاپ كۈن چۈش بولغاندا ئويغىنىپتۇ. ئويغىنىپ ئاخشام زىياپەت ئۆتكۈزۈلگەن ئۆيدە ئۆزىنىڭ يالغۇز يېتىپ ئۇخلىغانلىقىنى بىلىپتۇ. دەرھال يانپېشىنى تۇتقانىكەن كىستىكاسىسى قولىغا ئۇرۇنماپتۇ، ئۆينىڭ ئىچىنى ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ. ھەيران بولغان مەڭجىل رۇم شەھىرى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، ئاتامدىن ماڭا دۇنيالىقتا مىراس قالغان بىرلا كىستىكاسا بار ئىدى، بۈگۈن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىسام كۆرۈنمىدى، ئىزلەپمۇ تاپالمىدىم، ئوغرىنى تۇتۇپ جازالاپ مېلىمنى قايتۇرۇپ بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپتۇ.

— ھۇ ئۇششۇق، مۇتتەھەم ئوغرى، سېنى چاقىرتىپ ئەكېلىپ ئىززىتىڭنى قىلىپ بىر ئاخشام زىياپەت بەرگىنىم قورسىقىڭنى ئېسىپ ئالتۇنغىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغان ۋەزىر-ۋۇزرا، لەۋى-لەشكەرلىرىمنى ھاقارەتلەپ ئۇلارنى ئوغرى تۇتۇۋاتىسىنا! جاللاتلار، بۇ قارا يۈز، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان بەتنامچىنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار! — دەپتۇ پادىشاھ، 40 نەپەر جاللات مەڭجىلنىڭ پۇت-قولىنى يەرگە تەگكۈزمەستىن كۆتىگە توققۇزنى، ساغرىسىغا 30 نى تېپىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. پادىشاھنىڭ ۋەزىرىنىڭ قورسىقى كۆيۈپتۇ ۋە پادىشاھقا:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇ سودىگەر ئالتە ئايلىق يىراقلىقتىن شەھىرىمىزگە كېلىپ سىلىگە، ماڭا، شۇنداقلا شەھەرنىڭ پۈتكۈل خەلقىگە ئۆزىنىڭ ھېممىتىنى كۆرسىتىپ، ساخاۋەتچى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى، بىز بۇ سودىگەرنى ئوردىغا چاقىرىپ مېھمان قىلىپ ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىق مال-مۈلۈكلىرىنى تارتىۋېلىپ، يوپتاق ئېشەكتەك ئوردىدىن قوغلاپ چىقارساق نامەردلىك، ئىنسابسىزلىق بولۇپ قالارمىكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق قىلىش يۇرتىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە، ئۆزلىرىنىڭ نام-شەرىپىلىرىگە مۇۋاپىق كەلمەسمىكىن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپتۇ پادىشاھ. ۋەزىر:

— ئۇ سودىگەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن ماللىرىدىن بىر ئاز بېرىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يولغا سالساق، سودىگەرچىلىك قىلغاچ جېنىنى جان ئېتىپ ئۆز يۇرتىغا بېرىۋالسا، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

— بوپتۇ، ئۇنىڭغا ئون تاي مال بېرىپ چاكارلىرى بىلەن قوشۇپ ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ جاللاتلارغا. جاللاتلار پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن مەڭجىلگە ئون تاي مال بېرىپ، چاكارلىرى بىلەن قوشۇپ ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. مەڭجىل پادىشاھنىڭ مەلىكىسىنى دەپ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى، مېھرىبان ئانىسىنى تاشلاپ بۇ يەرگە كېلىپ، پادىشاھنىڭ ياغلىما سۆزلىرىگە ئالدىنىپ كىستىكاسا ۋە مال-دۇنيالىرىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولغانلىقىغا قايغۇرۇپتۇ، چاكارلارمۇ مەڭجىل بىلەن تەڭ قايغۇرۇپ يىغلاپتۇ.

— ئەي مېنىڭ سادىق چاكارلىرىم، رۇم شەھىرىگە كېلىشتىن ئىلگىرى قولۇڭلارغا ئۈچ يىللىق ئىش ھەققىڭلارنى

بېرىپ بولغانىدىم، ئەمدى مەن ئات-ئۇلاغ ۋە مال-دۇنيالىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم، سىلەرنىڭ ھالىڭلاردىن داۋاملىق خەۋەر ئېلىشقا مېنىڭ قۇربىتىم يەتمەيدۇ، سىلەرنى ئىشىمغا سالمايمەن، ئېشىپ قالغان ئىش ھەققىنى ھەم قايتۇرۇپ ئالمايمەن، بۈگۈندىن ئېتىبارەن ھەرقايسىڭلار ئۆز كۆڭۈڭلارنى ئۆزۈڭلار ئېلىڭلار، — دەپتۇ مەڭجىل چاكارلىرىغا ۋە ئۇلارنى چاكارلىقتىن ئازاد قىپتۇ. چاكارلار مەڭجىل بىلەن خوشلىشىپ ھەرقايسىسى ھەر تەرەپكە يول ساپتۇ.

مەڭجىل چاكارلىرى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر دەڭگە چۈشۈپتۇ. ئۇن تايددىكى ماللارنى چۈشۈرۈپ، ئاتلارنى ئېغىلغا باغلاپ دەڭنىڭ ئالدىغا چىقىپ، يولدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە قاراپ بېشى قېتىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنداق ئولتۇرۇۋېرىشتىن نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەن مەڭجىل يولدىن ئۆتكەنلەردىن ياردەم سوراپ كۆرمەكچى بوپتۇ، شۇ خىيال بىلەن ئولتۇرغاندا يولدىن بىر موماي ئۆتۈپتۇ. مەڭجىل ئۇ مومايىنى توختىتىپ:

— موما، مەن رۇم شەھىرى پادىشاھىنىڭ قىزىغا ئاشىق-بىقارار بولۇپ، ئالتە ئايلىق يىراقتىلىقتىن بۇ شەھەرگە كەلگەنىدىم، پادىشاھنىڭ قىزى بىلەن دىدارلىشىشنىڭ بىرەر ئامالىنى قىلغىلى بولارمۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن موماي مەڭجىلنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— خاتىرجەم بولۇڭ ئوغلۇم، مەن كەچكىچە بىرەر ئامالىنى ئىزدەپ سىزنى پادىشاھنىڭ مەلىكىسى بىلەن ئۇچراشتۇراي، — دەپتۇ. مەڭجىل مومايىنىڭ سۆزىدىن خۇرسەن بولۇپ ئۇنىڭغا بىر كىيىم مالنى سوۋغا قىپتۇ. موماي رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ كېتىپتۇ. مەڭجىل بىر كېچە-كۈندۈز مومايىنىڭ يولىغا قاراپ دەڭنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە ئولتۇرۇپتۇ. بىراق موماي شۇ كەتكىنىچە ئىككىنچىلەپ مەڭجىلنىڭ ئالدىغا كەلمەپتۇ. مەڭجىل ئۇن كۈن ئىچىدە ئۇن تاي مالنى يولدىن ئۆتكەنلەرگە بېرىپ تۈگىتىپتۇ. بىراق مەن مەلىكىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىمەن، دېگەنلەردىن بىرەرىمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلمەپتۇ، مەڭجىل ئۇن تايىنى بازارغا ئەپچىقىپ سېتىپتۇ. يەنە يولدىن ئۆتكەنلەردىن پادىشاھنىڭ مەلىكىسى بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ ئامالىنى سوراپتۇ. مەن سىزگە مەلىكە بىلەن دىدارلىشىشنىڭ ئامالىنى تېپىپ سىزگە خەۋەر قىلاي، دېگۈچىلەرگە بىر ئۈگۈچتىن تەڭگە بېرىپتۇ. ئۇلاردىنمۇ بىرەرسى مەلىكە بىلەن دىدارلىشىشنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلمەپتۇ. ئۇن كۈن ئىچىدە بارلىق پۇللىرىنىمۇ يولدىن ئۆتكەنلەرگە بېرىپ تۈگىتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ مەڭجىل ئۆزىنىڭ مال-دۇنيالىرىدىن تامامەن ئايرىلىپ، يەي دېسە يوق، ئىچەي دېسە يوق شۇنداق بىر كۈنگە قاپتۇ. ياشاش ئىستىكى ئۇنى ئاشپۇزۇلنىڭ كۆلىنى تارتىپ، ئوچىقىغا ئوت قالاپ، سۇيىنى توشۇپ، يۇندىسىنى تۆكۈشكە مەجبۇر قىپتۇ. مەڭجىل ئاشپۇزۇلدا بىر ئاي ئىشلەپ ئالتە تەڭگىگە ئېرىشىپتۇ. بۇ ئالتە تەڭگىگە خام سېتىۋېلىپ بىر دانە يۇنجى كولۋا تىككۈزۈپ، قولىغا جىگدىنىڭ ئەگرى تايىقىدىن بىرنى ئېلىپ تىلەمچىلىك كوچىسىغا كىرىپتۇ. كىشىلەر بەرگەن بىرەر توغرام نانغا شۈكرى قىلىپ، قورسىقىنى تويغۇزۇپ شەھەرمۇشەھەر تىلەمچىلىك قىلىپ، ئالتە ئايلىق مۇساپىنى 12 ئايدا بېسىپ ئۆز ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۆيى ئىچىگە كىرىپ قارىسا ئانىسى يەي دېسە يوق، ئىچەي دېسە يوق ھالەتتە ئولتۇرغۇدەك.

— ئانا، ئۆيدە قورساق تويغۇدەك بىرەر نەرسە بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ مەڭجىل ئانىسىدىن.

— ئوغلۇم، سەن كەتكەندىن بېرى بارلىق ۋەج ئوقەتلەر تۈگىدى، ئېغىزىمغا بىر نەرسە سالمىغىلى بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئانىسى مەڭجىلگە. بۇنى ئاڭلىغان مەڭجىل ئۆز شەھىرىدە تىلەمچىلىك قىلىپ ئانىسىنى بېقىپتۇ، رۇم شەھىرى مەلىكىسىنىڭ ئىشقپىراقى بىلەن تۇرمۇش يوقسۇزلۇقى بىر بولۇپ ئۇنى ئازابلاشقا باشلاپتۇ. موھتاجلىق مەڭجىلنى پۇتلىرى چۈگمەچتەك، بويۇنلىرى يۆگمەچتەك ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

— ئانا، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىز يەي دېسەك يوق، ئىچەي دېسەك يوق مۇشۇنداق قىيىن كۈنگە قالدۇق، دادامدىن بىر دانە كىستىكاسىدىن باشقا نەرسە قالمىغاندۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئانىسى ئېرى قىزىل ئەۋلىيا ئوغلىغا بىر دانە كانايىنمۇ مىراس قالدۇرغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆي ئىچىنى ئاختۇرغانىكەن قولىغا ئىچىگە 10 مىڭ نەپەر دۆبەنت قىلىنغان كاناي چىقىپتۇ.

— ئوغلۇم، دادىڭىزدىن سىزگە بىر دانە كانايلا مىراس قالغانىدى، سىز بۇ كانايىنى شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ گۈرۈچ، گۆش ۋە ياغ ئېلىپ چىقىڭ، تويغۇدەك بىر تاماق ئېتىپ يەيلى، — دەپتۇ ئانىسى كانايىنى مەڭجىلگە بېرىپ.

مەڭجىل ئاتىسىدىن مىراس قالغان كانايىنى سېتىش

ئۈچۈن شەھەرگە ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇز ۋاقىتىدا قىزىل ئەۋلىيادىن پۈتكۈل ئىلمىي ھېكمەتلەرنى ئۆگىنىپ، قىزىل ئەۋلىيا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تاغنىڭ دەرمانىغا چىقىپ كەتكەن بىر تالىپ بار ئىكەن. ئۇ تالىپ ئۇستازىنىڭ ئوغلىنىڭ كانايىنى سېتىش ئۈچۈن شەھەرگە ئېلىپ ماڭغانلىقىنى بىلىپ تاغنىڭ دەرمانىدىن چۈشۈپتۇ ۋە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئوغلۇم، قەيەرگە ماڭدىڭىز، — دەپ سوراپتۇ مەڭجىلدىن.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئاخۇنۇم، دادامدىن ماڭا بىر دانە كاناي مىراس قالغانىكەن، تۇرمۇش موھتاجلىقى سەۋەبىدىن كانايىنى سېتىش ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەڭجىل تالىپقا.

— ئوغلۇم بۇ كاناي ئادەتتىكى كانايدىن ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ ئىچىگە 10 مىڭ دۆ بەنت قىلىنغان، كىمكى كانايىنى قولىغا ئېلىپ، قانچىكى كۆپ پۈۋلىسە ئۇنىڭ ئىچىدىن شۇنچە كۆپ دۆ چىقىپ ھەرقانداق مۈشكۈلاتى بولسا ئاساس قىلىدۇ. كانايىنى بىرلا ئۆرۈپ قويسا بارلىق دۆ كانايىنىڭ ئىچىگە بەنت بولىدۇ، كانايىنى قولىڭىزدىن ھەرگىز چىقىرىپ قويماڭ، ئانىڭىزنىڭ ھالىدىن ئوبدانراق خەۋەر ئېلىڭ، — دەپتۇ تالىپ ۋە مەڭجىلنىڭ كۆز ئالدىدىن غايىب بوپتۇ. مەڭجىل قولىدىكى كىچىككىنە كانايىنىڭ ئىچىگە 10 مىڭ دانە دۆنىڭ سىغىشقا ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ ۋە شەھەر سىرتىدىكى قۇملۇقتا چىقىپ، تالىپنىڭ سۆزىنى سىناپ بېقىش نىيىتىدە كانايىنى شۇنداق بىر پۈۋلىگەنىكەن، شۇ زامان كانايدىن تولۇق قوراللانغان 100 نەپەر دۆ چىقىپ بۇيرۇق كۈتۈپ سەپكە تىزىلىپ تۇرۇپتۇ. كانايىنىڭ كارامىتىگە ھەيران بولغان مەڭجىل پۈۋلەۋەرگەنىكەن سان- ساناقسىز دۆ چىقىپ سەپكە تىزىلىپتۇ، پۈتكۈل قۇملۇقنى قارا دۆ بېسىپ كېتىپتۇ. بۇ دۆلەر شۇنداق بەتبەشىرە ئىكەنكى كۆرگەن ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدىكەن، بويىنىڭ ئېگىزلىكى كۆك ئاسمانغا تاقىشىدىكەن، مەڭجىل كانايىنى قولى بىلەن بىرنى ئۇرغانىكەن بارلىق دۆ بەنت بوپتۇ. كانايىنىڭ كارامىتى بىلەن مىنىڭ 10 مىڭ نەپەر دۆ لەشكەرلىرىم بوپتۇ، ئەمدى رۇم شەھىرىگە بارسام پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى ۋەيران قىلىپ، كۆلنى كۆككە سورىمەن، مەلىكىسىنى قولۇمغا چۈشۈرۈپ مۇراد- مەقسىتىمگە يېتىمەن دەپ ئويلاپ، كانايىنى قوينىغا سېلىپ شەھەر ئىچىگە قاراپ مېڭىپتۇ. شەھەر ئىچىگە كىرىپلا كاتتا بىر باغۇ- بوستانلىق ئىمارەتكە كۆزى چۈشۈپتۇ. مەڭجىل قوينىدىن كانايىنى ئېلىپ، ئۈچ قېتىم پۈۋلىگەنىكەن. كانايىنىڭ ئىچىدىن 300 دانە دۆ چىقىپ سەپ تۈزۈپ:

— غوجام، كىم ئۆزلىرىگە مالامەت يەتكۈزدى، قانداق بۇيرۇقلىرى بار؟ — دەپ سورىشىپتۇ.

— مۇنۇ كۆرۈنگەن باغۇ- بوستان، ئۆي- ئىمارەتنى ۋەيران قىلىپ، مال- مۈلكىنى ئۆيۈمگە توشۇمساڭ تېرەڭنى تەتۈر سويۇپ، پوستۇڭغا سامان تىقىمەن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ مەڭجىل دۆلەرگە. دۆلەر قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كېتىپتۇ ۋە دەرھال ئىشقا كىرىشىپتۇ، بىردەمنىڭ ئىچىدە بارلىق مال- مۈلۈك، پۇل- پۈچەك ۋە چارۋا- ماللارنى مەڭجىلنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۆي ئىمارەت باغۇ- بوستانلىقتىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ.

دۆلەر مەڭجىلنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى تېگىشلىك ئورۇنلارغا قويۇپ جايلاشتۇرۇپ قورققىنىدىن تىترىگىنىچە سەپ ھاسىل قىلىپ تۇرۇشۇپتۇ. مەڭجىل كانايىنى بىرنى ئۇرغانىكەن دۆلەر كانايىنىڭ ئىچىگە بەنت بوپتۇ، ئۇلار شۇ كۈندىن باشلاپ راھەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئانىسى بىلەن ئۆزى بىر تىيىنلىق ئىش قىلماپتۇ، بارلىق ئىشلارنى دۆلەر قىلىپ تۈگىتىپ، توققۇزنى تەل قىپتۇ. مەڭجىل قۇۋۋەتلىك يەپ- ئىچىپ دەرمانىغا كەپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ رۇم شەھىرى مەلىكىسىنىڭ غايىۋانە ئىشق ئوتى ۋۇجۇدىنى ئۆرتەشكە باشلاپتۇ. رۇم شەھىرىگە سەپەر قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئانىسىدىن ئىجازەت سوراپتۇ. ئانىسى ئاق يول تىلەپ ئوغلىنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

مەڭجىل ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ، بىر ئاتنى ئېگەرلەپ ئۆزى مىنىپ، يەنە بىر ئاتقا يېتەرلىك ئوزۇق- تۈلۈك ئارتىپ، كانايىنى قوينىغا سېلىپ رۇم شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. تاغ- دەريالاردىن ئېشىپ، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قېچىپ، سازلىقلارنى كېچىپ، مىڭبىر جاپا- مۈشەققەتتە رۇم شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ.

مەڭجىل رۇم شەھىرى ئوردىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

دەرۋازا ئالدىدا 500 نەپەر جاللات قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تۇرغانىكەن، مەڭجىلنى ئوردا ئىچىگە كىرگۈزمەپتۇ.

— مىنىڭ پادىشاھقا ئەرزىم بار، كىرىشكە رۇخسەت قىلغايسىلەر، — دەپتۇ جاللاتلارغا، جاللاتلار مەڭجىلنى ئوردا ئىچىگە كىرگۈزۈپتۇ. مەڭجىل پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ قارىسا پادىشاھنىڭ ئوڭ- سولىدا 40 تىن 80 نەپەر جاللات قىلىچلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرغۇدەك.

— ھۇ بۇلاڭچى پادىشاھ، مېنىڭ كىشتىكاسام، مال-
دۇنيا، ئات-ئۇلاغلىرىم قېنى؟ ئېتىشسالڭ ئېتىشقىلى
كەلدىم، چېپىشسالڭ چېپىشقىلى كەلدىم، سۆزۈڭ بولسا
ئېيتمامسەن؟ — دەپ ھەيۋە قىپتۇ مەڭجىل پادىشاھقا. پا
دىشاھ مەڭجىلنىڭ ھەيۋىسىنى ئاڭلاپ ئاچچىقى كەلگەنلى-
كىدىن قۇيقى چاچلىرى تىك تۇرۇپ، بېشىدىكى چاچلار
شاھلىق باش كىيىمدىن بىر غېرىچ تېشىپ چىقىپتۇ، بۇرۇت-
لىرى ئۇغرى مۈشۈكنىڭ بۇرۇتلىرىدەك تىك تۇرۇپتۇ. پا
دىشاھ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— جاللات! — دەپ تووۋلىغانىكەن رەھىمسىز جال-
لاتلىرىدىن 300 دانە جاللات:

— لەببەي سۇلتانى باكرەم، كىمنىڭ بېشى ئۆلۈمگە
يەتتى؟

— يولۋاسقا مۈشت تەڭلەيدىغان مۇنۇ بۆرگىنى ئەپ-
چىقىپ، پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى يىغىپ دارغا ئېسىپ ئۆل-
تۈرۈڭلار، — دەپ ئەمر قىپتۇ پادىشاھ جاللاتلارغا. جال-
لاتلار مەڭجىلنى تۇتقىلى كەپتۇ. مەڭجىل قويندىن كاناي-
نى ئېلىپ چېلىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى پۈتۈن-
لەي قارا دۈ بېسىپ كېتىپتۇ. مەڭجىل دۈلەرگە شەھەرنى
ۋەيران قىلىپ، لەشكەرلىرىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇشنى
بۇيرۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوردا ئىچىدە قانلىق ئېلىشىش،
شەھەر ئىچىدە قالايمىقانچىلىق باشلىنىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ-
نىڭ لەشكەرلىرى بەت ھەيۋەت دۈلەردىن قورقۇپ ئوردى-
نى تاشلاپ قاچسا، شەھەر خەلقى شەھەر سىرتىغا قېچىشقا
باشلاپتۇ. پادىشاھ سامانىدەك سارغىيىپ، غازاڭدەك
تىترەپ:

— كېرەملىك پالۋان، ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق كارامەتلى-
رىنىڭ بارلىقىنى بىلمەپتىمەن، ئات-ئۇلاغلىرى ئېغىلدا بار،
مال-دۇنيالىرى خەزىنىدە بار، ئالتۇن تەخت دېسىلە ئال-
دىلىرىدا تۇرۇپتۇ، رۇم شەھىرىنىڭ پادىشاھلىقىنى ئۆزلىرى-
دەك باتۇرغا تاپشۇرسام. بۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇقلارنى
كۆزدىن نېرى قىلغان بولسىلا، — دەپ مەڭجىلنىڭ ئايىغى-
غا سەجدە قىلىشقا باشلاپتۇ. مەڭجىلنىڭ رەھمى كېلىپ كا-
نايىنى ئۇرغانىكەن بارلىق دۈ كانايىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كې-
تىپتۇ. «سىزنى سەكرەتكەن نەرسە ئاشۇ كاناي ئىكەن،
ئۇنىمۇ قولغا چۈشۈرمىگۈچە ئېمىن تاپماسمەن» دەپ ئوي-
لاپتۇ پادىشاھ ۋە:

— ئەي ۋەزىر-ۋۇزرالار قېنى سىلەر؟ تېزدىن
كېلىپ مۇنۇ پالۋانغا داستىخان تەييارلاپ قىزغىن كۈتۈۋېلىڭ-
لار، — دەپ ۋەزىر-ۋۇزرا، ياساۋۇل-ياساۋۇللىرىغا
ئەمر قىپتۇ. ئوردا ئەھلى قورقۇنچ ئىچىدە بىر-بىرىدىن
ئوردا ئىچىگە يىغىلىپتۇ ۋە يۈرىكى كۆتىدە بېسىلىپ پادى-
شاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە كىرىشىپ كېتىپتۇ.
ئۇلار تېزلىك بىلەن مول داستىخان تەييارلاپتۇ. مەڭجىلمۇ
ئالتە ئايلىق مۇساپىنى بېسىپ ھېرىپ-ئېچىپ كەتكەن-
كەن، پادىشاھنىڭ يالغان سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، «ئەمدى
مەن پادىشاھ بولىدىغان بولدۇم، رۇم خەلقى ۋە ئوردا
ئەھلى ماڭا باش ئېگىدىغان بولدى» دەپ ئويلىغان
مەڭجىل داستىخانغا قول ئۇزىتىشى بىلەن تەڭ پادىشاھ
لەشكەرلىرىگە كۆز ئىشارىتى قىلغانىكەن، لەشكەرلەر چەب-
دەسلىك بىلەن مەڭجىلنى چەمبەرچەس باغلىۋاپتۇ. پادىشاھ
تەختتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ يېنىدىكى كانايىنى ئېلىۋاپتۇ ۋە:

— جاللات! بۇ بالاخور مەلئۇننى دارغا ئېسىپ ئۆل-
تۈرۈڭلار! — دەپ مەڭجىلنى ئۆلۈمگە ئەمر قىپتۇ.

— يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس ئاچچىقنى
يەڭگەن باتۇر، دېگەن گەپ بار پادىشاھى ئالەم، ئاچچىق-
لىرىغا ھاي بەرگەنلا. بۇ ئوغۇل بىرىنچى قېتىمدا بىزگە
دۇنيالىق ئۈچۈن كىشتىكاسا بىلەن تۈگەتكۈسىز دۇنيانى
ئېلىپ كەلدى. ئىككىنچى قېتىمدا بولسا ئىچىدىن 10 مىڭ
دانە دۈ چىقىدىغان كانايىنى ئېلىپ كېلىپ بىزنى قۇدرەتلىك
قوشۇنغا ئىگە قىلدى. بىز بىر دانە كانايىنىڭ كارامىتى
بىلەن پۈتۈن ئىقلىمنى ئۆزىمىزگە بويسۇندۇرالايمىز. مې-
نىڭچە بۇ يىگىتنىڭ كارامەت كۆرسىتىدىغان نەرسىلىرى
يەنە بولسا كېرەك، ئۆلتۈرمەي قويۇپ بېرەيلى، قولىدىن
يەنە قانچىلىك ئىش كېلىدۇ كۆرۈپ باقايلى، — دەپ
ئەقىل كۆرسىتىپتۇ ۋەزىر پادىشاھقا. پادىشاھ ۋەزىرىنىڭ
سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، مەڭجىلنى ئوردى-
دىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. ئۆزۈمنىڭ رەھىمدىل، نادانلىقىم
سەۋەبىدىن كىشتىكاسا ۋە كانايىدىن ئايرىلدىم دەپ ئوي-
لاپتۇ. مەڭجىل مەلىكىنى دەپ ئالتە ئايلىق يىراقلىقتىن
كېلىپ ئۇنىڭ جامالىنىمۇ كۆرەلمەي ئۆزىنىڭ سەرسان-
سەرگەردان بولغانلىقىغا ئۆكۈنۈپتۇ ۋە ئوردا دەرۋازىسى
ئالدىدا مەلىكىنىڭ ئىشقىدا يىغلاپ ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈپ-
تۇ. ئۇنىڭغا ھېچ كىشىنىڭ رەھمى كەلمەپتۇ. مەڭجىل
قويۇپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. جاللاتلار مەڭجىلنى ناۋاينىڭ
تونۇرىغا ئوت قالاپ، كۆلىنى تارتىپ، سۇيىنى توشۇپ
يەتتە كۈن ئىشلەپ ئالتە دانە ئاق تەڭگىگە ئىگە بوپتۇ.
ئۈچىسىغا خامدا تىكىلگەن يۇڭجى كولۋانى كىيىپ، ئەسكى

تۇلۇمدىن بىرنى دولىسىغا سېلىپ، تىلەمچىلىك قىلىپ جېنىنى جان ئېتىپ ئالتە ئايلىق يولنى 14 ئايدا بېسىپ ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ. ئۆي ئىچىگە قارىغۇدەك بولسا يەي دېسە يوق، ئىچەي دېسە يوق، ئانىسى ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغۇدەك.

— ئانا، مەن سىزگە نۇرغۇن دۇنيانى دۆۋىلەپ بېرىپ كەتكەنىدىمغۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئانىسى:

— ئىشلىمەي يېتىپ يېسە تاغمۇ تۈگەيدىكەن ئوغلۇم، بۈگۈن ئېغىزىمغا بىر تال جىگدىمۇ سالمىغىلى تويتوغرا ئىككى كۈن بولدى، — دەپتۇ مەئجىلگە.

مەئجىل شەھەرگە كىرىپ نان تىلەپ تۆت ئايغىچە ئانىسىنى بېقىپتۇ. «بۇرۇنقى ئاشقا قورساق تويماپتۇ» دېگەندەك مەئجىل بۇ خىل تۇرمۇشتىن بىزار بولۇشقا باشلاپتۇ.

— ئانا، ئاتامدىن ماڭا كەستكاسا ۋە كانايدىن باشقا نەرسە مىراس قالمىغانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ مەئجىل ئانىسىدىن. ئانىسىنىڭ ئېسىگە غايىب بولىدىغان يەكتەك كەپتۇ، — ئوغلۇم، ئاتاڭدىن ساڭا مىراس قىلغان ئەڭ ئاخىرقى نەرسە مۇشۇ يەكتەك ئىدى. ئانىسى يەكتەكنى ئېلىپ چىقىپ ئوغلىغا بېرىپتۇ. مەئجىل يەكتەكنى سېتىش ئۈچۈن بازارغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. تاغنىڭ دەرمانىدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇرغان تالىپ، ئۇستازىنىڭ ئوغلىنىڭ ئاتىسىدىن مىراس قالغان خىسلەتلىك يەكتەكنى سېتىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ تاغنىڭ دەرمانىدىن چۈشۈپ:

— ئوغلۇم قەيەرگە ماڭدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ مەئجىلدىن.

— ئاتام رەھمەتلىكتىن بىر دانە يەكتەك مىراس قالغانىكەن سېتىش ئۈچۈن شەھەرگە ئېلىپ ماڭدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— بۇ يەكتەكنى ھەرگىز قولىڭىزدىن چىقارماڭ، چۈنكى بۇ ئادەتتىكى يەكتەكتىن ئەمەس، كىمكى يەكتەكنى كىيسە ئەل كۆزىدىن غايىب بولىدۇ، باشقىلار ئۇ ئادەمنى ئەسلا كۆرەلمەيدۇ، ئۇ ئادەم دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى كۆرەلەيدۇ. ئەگەر سىز بۇ يەكتەكنى ئوبدان ساقلىسىڭىز ئارزۇ قىلغان نەرسىگە مۇيەسسەر بولالايسىز، — دەپ تالىپ يەكتەكنىڭ خىسلىتىنى ئېيتىپ، مەئجىلگە يول كۆرسىتىپتۇ-دە غايىب بوپتۇ. مەئجىل يەكتەكنى كىيىپ باققانىكەن، يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەر ئاۋۋالقىدەك كۆرۈنۈپتۇ، ئۆزىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولماپتۇ. تالىپنىڭ ئېيتقانلىرىنى سىناپ كۆرمەكچى بوپتۇ. شەھەر كوچىسىدا كېتىپ بارغۇدەك بولسا بىر ناۋاينىڭ پەشخۇنىغا سامسا، گۆشگىردىنى دۆۋىلەپ قويۇپ:

— چاققانىغا بار، لاپىسقا يوق، پۇلنىڭ دۆلىتىنى كۆرەي دېسەڭ گۆشگىردە يە ئوغۇل باللا...، — دەپ جېنىنىڭ بارىچە توۋلاۋاتقانلىقى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. «ئاشۇ گۆشگىردىدىن تۆتنى يەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ مېڭىپ باقاي، پۇلنى سورىسا پۇلۇم بولمىغاندىكىن ناۋاينىڭ ئىشىنى قىلارمەن، گەپ-سۆز قىلمىسا يەكتەكنىڭ خىسلىتىنى شۇ يەردىن بىلەرمەن» دەپ ئويلاپ، پەشخۇننىڭ بىر ئۇچىدا ئولتۇرۇپ بىردەمنىڭ ئىچىدە تۆت گۆشگىردىنى يەپ تۈگىتىپتۇ. پەشخۇندىن چۈشۈپ، ناۋايغا ئۈندىمەستىن ئون قەدەم مېڭىپ ئارقىسىغا قارىسا ناۋاي بەخىرامان خېرىدار چاقىرىپ تونۇرغا سامسا چاپلاۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن مەئجىل يەكتەكنىڭ خىسلىتىگە ھەققىي تۈردە ئىشىنىپتۇ، بىر قانچە ئايدىن بېرى ئاچ قالغان قورسىقىنى تۈزۈك بىر تويغۇزماقچى بولۇپ، تونۇر بېشىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ، بىر ئولتۇرۇشتا 50 دانە گۆشگىردىنى يەپ بىرنى كېكىرىپ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىپتۇ. ناۋاي يەنە گەپ-سۆز قىلماي ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. مەئجىل ئۆزىنىڭ قورسىقىنىڭ تويغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆيدە ئاچ قورساق قالغان ئانىسىنى ئويلاپتۇ. قارىسا شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىشى بىر دۆۋە چىگە تاغارنى سېتىپ ئولتۇرغۇدەك. تاغاردىن بىرنى كۆتۈرۈپ ماڭغانىكەن تاغارچىنىڭ كارى بولماپتۇ، مەئجىل يەنە ناۋاينىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ناۋاي تونۇردىن ناندىن ئوننى قومۇرسا تاغارغا بەشنى ساپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىر چىگە تاغارنى گۆشگىردە، سامسا بىلەن توشقۇزۇپتۇ. تاغارنى يۈدۈپ ماڭغانىكەن، ئۇنىڭ بىلەن ھېچ كىشىنىڭ كارى بولماپتۇ. شەھەرنىڭ يەنە بىر كوچىسىغا كىرىپ، ئۈچىسىدىكى خىسلەتلىك يەكتەكنى سېلىۋېتىپ، تاغارنى يۈدۈپ كېتىپ بارسا ئېشىكىنى يېتىلەپ شەھەردىن چىقىۋاتقان بىر قوشنىسى ئۇچراپتۇ. قوشنىسىنى چاقىرىپ:

— ئاكا، ماۋۇ بىر تاغار ناننى بىزنىڭ ئۆيگە ئەكىرىپ ئانامغا تاشلاپ بېرىڭ، ماۋۇ ئون گۆشگىردىنى يېگەچ مېڭىڭ، دەپ ئون گۆشگىردىنى قوشنىسىغا بېرىپ، تاغارنى ئېشىككە ئارتىپ قويۇپتۇ. مەئجىل يەنە گۆش، ياغ، گۈرۈچ، رەخت، پۇل - پۇچەك ئېلىش ئۈچۈن

يەكتەكنى كىيىپ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن بىر بوز تاغاردا ئون چارەك گۈرۈچ، 100 جىڭ زاغۇن يېغى، بىر توپ مال ۋە تۈلۈم ئاقچىغا ئېرىشىپتۇ. ئۇ نەرسىلەرنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتەر ۋاقتىدا بازارنى ئۈلگۈچە غەلۋە-غوۋغا، كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىنى ئوغرى تۇتۇشلىرى، تاپا-تەنىلىرى قاپلاپ كېتىپتۇ، مەڭجىل ئۆزىنىڭ قىلغان بۇ ئىشىدىن كۆلگىسى كېلىپ كېتىپتۇ. بىر ئاي ئىچىدە ئۇنىڭ تۇققۇزى تەل بوپتۇ، راھەت-پاراغەت ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ، بىراق رۇم شەھىرى پادىشاھىنىڭ مەلىكىسىنىڭ ئىشقى-پىراقى كۈندىن-كۈنگە قىيناشقا باشلاپتۇ.

— ئانا، ئىجازەت بەرگەيسىز مەن رۇم شەھىرىگە بېرىپ مەلىكە بىلەن ئاتامدىن مىراس قالغان كىستىكاسا ۋە كانايىنى قولۇمغا كەلتۈرمىگىچە قايتىپ كەلمىگەيمەن، — دەپتۇ مەڭجىل بىر كۈنى ئانىسىغا.

— غەيرىتىڭگە بارىكاللا ئوغلۇم، خۇدا ئىشلىرىڭنى ئوڭۇشلۇق قىلغاي، ئاق يول بولسۇن، — دەپ ئانىسى دۇئا قىلىپ ئوغلىنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

مەڭجىل يارام بايتالدىن ئىككىنى ئېگەرلەپ، بىرسىگە ئوزۇق-تۈلۈكنى ئارتىپ، يەنە بىرسىگە ئۆزى مىنىپ رۇم شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. دەشت-باياۋانلاردىن، تاغۇ-دەريالاردىن ئۆتۈپ، ئالتە ئايلىق مۇساپىنى تۆت ئايدا بېسىپ رۇم شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ، ئاۋۋال مەلىكىنىڭ رۇخسارىنى كۆرۈش نىيىتىگە كەپتۇ.

مەڭجىل نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىشقى ئوتىدا ئۆرتىنىپ قىلدەك تولغانغان مەھبۇبىسىنىڭ جامالىنى كۆرۈش ئىستىكىدە چارباغنىڭ ئىشىكىگە كەپتۇ. قارىسا چارباغنىڭ بىرىنچى دەرۋازىسىنى 500 نەپەر كېنىزەك ساقلاۋاتقۇدەك، دەرۋازىدىن ئادىمىزاتنىڭ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. يەكتەكنى كىيىپ ماڭغانىكەن، كېنىزەكلەرنىڭ چاتىقى بولماپتۇ، چارباغنىڭ ئىككىنچى دەرۋازىسىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ دەرۋازىنىمۇ 500 نەپەر كېنىزەك قوغداۋاتقانىكەن، ئۇ يەردىنمۇ پەرۋاسىزلا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ چارباغنىڭ 40 دەرۋازىسىدىن، 20 مىڭ نەپەر قوغدىغۇچى كېنىزەكلەرنىڭ ئالدىدىن دەخلى-تەرۇزسىز ئۆتۈپ چارباغقا كىرىپتۇ. ئېرىقلاردا زۇمرەتتەك سۈزۈك زىلال سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، بۇلبۇللار شاختىن-شاخقا ئۇچۇپ خەندان ئۇرۇپ سايراپ تۇرغان، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان جەننەتتەك گۈزەل باغ ئىكەن، مەڭجىل چاھارباغنى سەيلە قىلىپ باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە 40 بالداق ئالتۇن شوتا ئارقىلىق ئۈستىگە چىقىدىغان بىر دانە ئالتۇن راۋاق كۆرۈنۈپتۇ. ئالتۇن بالداقلىق شوتا ئارقىلىق راۋاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ. راۋاق ئۈستىدىكى تۆت تېمى ئالتۇن، جاۋاھىراتلاردىن قوپۇرۇلغان، تام-تورۇسلارغا ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىتلاردىن زىننەت بۇيۇملىرى ئېسىلغان، يەرگە زىلچا-گىلەملەر سېلىنغان كەڭ-كۇشادە بىر سارايغا كىرىپتۇ. سارايىنىڭ ئىچىدە نەغمىچى قىزلار نەغمە قىلىۋاتقان، ئۇسسۇلچى قىزلار ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، ئۈستىگە نازۇ-نېمەتلەر قويۇلغان مەرمەر جوزا، ئىككى كۈمۈش ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوتتۇردىكى ئالتۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان، ئۆزى چۈشىدە كۆرۈپ غايىۋانە ئاشىق بولغان مەلىكىنى كۆرگەن مەڭجىل بىھوش بولۇپ يىقىلغىلى تاسلا قاپتۇ. ئۇ مەلىكە شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى، ئايمىكىن دېسە ئېغىزى بار، كۈنمىكىن دېسە كۆزى بار، سۇ ئىچسە گېلىدىن، تائام يېسە قورسىقىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، دۇنيادىكى بارلىق گۈزەل مەدھىيە سۆزلىرىنى يىغسىمۇ سۈپىتىنى تەرىپلەشكە ئاجىزلىق قىلىدىغان دەرىجىدە گۈزەل مەلىكە ئىكەن، مەلىكە نەغمىچى، ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ ئۇسسۇل، نەغمە-ناۋاسىنى كۆرۈپ ئولتۇرغانىكەن. مەڭجىل بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە مەلىكىنىڭ گۈزەل جامالىنى تاماشا قىلىشقا باشلاپتۇ. مەلىكىنىڭ رۇخسارىغا قارىغانسېرى تاقەت قىلىپ تۇرالماي قولىنى تۇتقانىكەن، مەلىكە قولىنى سىلكىۋېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇرغان كېنىزەكلەر ھەيران بوپتۇ، مەڭجىل مەلىكىنىڭ قولىنى يەنە تۇتۇپتۇ. مەلىكە ئۆزىنىڭ قولىنى بىرسىنىڭ تۇتۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئەتراپقا قارىسا كۆزىگە يات ئادەم كۆرۈنمەپتۇ، قولىنىڭ ئۈستىدە باشقىلارنىڭ قولى ھەم كۆرۈنمەپتۇ. قولىنى بىرسىنىڭ تۇتۇۋاتقانلىق سېزىمى ئۆزىگە مەلۇم بوپتۇ. قولىنى يەنە سىلكىشلىۋەتكەنىكەن يېنىدىكى كېنىزەكلەر:

— مەلىكەم، مىجەزلىرى يوقمۇ قانداق؟ — دەپ سورىغانىكەن، مەلىكە:

— قولۇمنى بىرسى ئۈزلۈكسىز تۇتۇۋاتىدۇ، بىراق كۆزۈمگە ئۇ قول كۆرۈنمەيۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. كېنىزەكلەر مەلىكىنىڭ جاۋابىغا ھەيران بولۇپ قارىسا مەلىكىنىڭ قولىنىڭ ئۈستىدە باشقا قول كۆرۈنمەپتۇ.

مەگجىل مەلىكىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، جامالىغا قاراپ ئولتۇرۇشقا تاقەت قىلالماي مەلىكىنىڭ بويىنىنى قايرىپ ئۇنىڭ گىلاستەك لېۋىگە بىرنى سۆيۈپتۇ. مەلىكە توۋلىغان پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. نەغمىچى، ئۇسسۇلچى قىزلار نەغمە، ئۇسسۇلنى توختىتىپتۇ.

— مەلىكەم نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ كېنىزەكلەر مەلىكىدىن. مەلىكە ئەھۋالنى ئېيتىشقا ئۇيۇلۇپتۇ، ئېيتاي دېسە كۆزىگە يات ئادەم كۆرۈنمىگەچكە، يالغانچى ۋە ساراڭ ئاتىلىپ قېلىشتىن قورقۇپتۇ. ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، نەغمە-ناۋانى باشلاشنى بۇيرۇپتۇ. مەلىكە پۈتكۈل دىققىتى بىلەن ئۇسسۇل كۆرۈۋاتقاندا مەگجىل يەنە مەلىكىنىڭ بويىنىنى قايرىپ بىرنى سۆيۈۋاتىپتۇ. مەلىكە توۋلاپ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. نەغمە-ناۋا توختاپتۇ. كېنىزەكلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغانىكەن، مەلىكە ئۇلارغا ئېيتىپ بېرەلمەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئارام ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭغىچە كەچ كىرىپ، گۈگۈم ئەتىراپقا ئۆزىنىڭ قارا پەردىسىنى يېيىشقا باشلاپتۇ. مەلىكە ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ، مەگجىلمۇ مەلىكە بىلەن بىللە ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ. كېنىزەكلەر مەلىكىنىڭ ئالدىغا كەچلىك غىزا ئەكىرىپتۇ. ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ تۆت ئاي گاھى ئاچ، گاھى توق يول يۈرگەن مەگجىل غىزالارنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭمۇ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىپتۇ. مەلىكە ئالتۇن لېگەندىكى مانتىدىن بىرنى يەپ بولغۇچە مەگجىل لېگەننى قۇرۇقداپ قويۇپتۇ، مەلىكە لېگەنگە يەنە قول ئۇزاتقانىكەن، لېگەننىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. كاۋاپقا قول ئۇزىتىپ، بىر زىخ كاۋاپنى يەپ بولۇپ زىخنى قويۇپ قويۇش ئۈچۈن قارىسا بىر لېگەن كاۋاپ زىخقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ، مەلىكە ئويلاپمۇ بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ. بىر دەمنىڭ ئىچىدە بارلىق تائاملار تۈگەپ ئالتۇن تاۋاقلار قۇرۇقدىلىپتۇ. كېنىزەكلەر مەلىكىنىڭ ئۈچ كۈنلۈك تائامىنى بىر ۋاقىتتا يەپ تۈگەتكىنىگە ھەيران قاپتۇ. بىراق مەلىكىنىڭ قورسىقى ئاچ قاپتۇ، يەنە غىزا كەلتۈرۈڭلار، دېيىشكە مەلىكىنىڭ تىلى بارماپتۇ. ئەلياتقۇ ۋاقتى بوپتۇ، مەلىكە يېشىنىپ يېتىپتۇ. مەلىكە ئۆزىنىڭ قويىنىدا بىرسىنىڭ ياتقانلىقىنى ھېس قىلىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يوتقىنىنى ئۆرۈپ قارىغانىكەن، كۆزىگە ھېچ كىشى كۆرۈنمەپتۇ. قايتىدىن ئورنىغا كىرىپ ياتقانىكەن، ئىككى قول مەلىكىنى مەھكەم قۇچاقلاپ گەپ قىپتۇ. قورقۇپ كەتكەن مەلىكە:

— سەن جىن-شەيتانمۇ ياكى دىۋ، پەرىمۇ؟ — دەپ سورىغاندىن كېيىن مەگجىل:

— مەلىكەم، مەن ئادىمىزات، سىزنىڭ ئاشىقىڭىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇنداقتا سىز نېمە ئۈچۈن مېنىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنمەيسىز؟ — دەپ مەلىكە يەنە سورىغانىكەن، مەگجىل ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى مەلىكىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. مەلىكە مەگجىلنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ-پىشىپ، يۇرتىنى تەرك ئېتىپ كەلگەن ھەقىقىي ئاشىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى مەگجىلگە بېغىشلايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزىل ئەۋلىيانىڭ ئوغلى مەگجىل چارباغنىڭ ئىچىدە ئالتە ئايغىچە ئالتۇن راۋاقتا پادىشاھنىڭ قىزىغا مۇلاقەت بولۇپ، دۇنيانىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىنى ئۇنتۇپ، كۆڭۈللۈك مىنۇتلارنى ئۆتكۈزۈپتۇ. مەلىكىنىڭ شوخلۇقىمۇ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ مەلىكىنىڭ مەگجىلنىڭ ئۆزىنى ئاشكارا قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ ئېيتقان بولسىمۇ، مەگجىل مەلىكىنىڭ سۆزىنى ئىلىك ئالماپتۇ. ئالتە ئاي ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىسىمۇ بىرەر قېتىم سۆزىنى ئىلىك ئالمىغانلىقى مەلىكىگە ھار كېلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلىپ يىغلايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ مەگجىل مەلىكىدىن.

— سىز بىلەن پىنھان يۈرۈۋاتقىنىمغا ئالتە ئاي بوپتۇ، سىزنىڭ ئادەم ياكى ئالۋاستى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەيمەن. ئەگەر سىز ئادەم بولسىڭىز نېمە ئۈچۈن كېنىزەكلەر يوق ۋاقىتلاردا كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ ئادەمدەك يۈرمەيسىز؟ مەن بۇنداق يۈرۈشتىن بىزار بولدۇم، ئەگەر سىز مەن بىلەن بىللە ئۆتۈشكە رازى بولسىڭىز چىرايىڭىزنى ماڭا زاھىر قىلىشىڭىز كېرەك، — دەپتۇ مەلىكە مەگجىلگە. مەگجىل ئۆزىنى ئاشكارا قىلىشنىڭ ھازىر تېخى ۋاقتى ئەمەسلىكىنى مەلىكىگە ھەرقانچە چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ مەلىكە پەقەتلا چۈشەنگىلى ئۇنىماپتۇ ۋە ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ يىغىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. مەلىكىنى گېپىگە كىرگۈزەلمىگەن مەگجىل ئۈچىسىدىكى ئاتىسىدىن مىراس قالغان يەكتەكنى شۇنداق سېلىۋەتكەنىكەن مەلىكىنىڭ كۆز ئالدىدا قەددى-قامەتلىك، كېلىشكەن بىر يىگىت پەيدا بوپتۇ. ئۆمرىدە ئەركەك زاتى كۆرۈپ باقمىغان مەلىكە مەگجىلنى كۆرۈشى بىلەنلا يېڭىباشتىن ئاشىق-بىقارار بوپتۇ، مەلىكىنىڭ

تۇرمۇشىغا يېڭى بىر مەنە قوشۇلۇپتۇ. مەگجىل مەلىكە بىلەن كېنىزەكلەردىن خالىي قالغان ۋاقىتلىرىدا ئەل كۆزىدىن غايىب بولىدىغان يەكتەكنى سىيلىۋېتىپ، مەلىكىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ يۈرىدىغان بوپتۇ. بىر قانچە قېتىم مەلىكىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ ئولتۇرغان ۋاقىتلاردا كېنىزەكلەر كىرىپ قاپتۇ، مەگجىل تېزدىن يەكتەكنى كىيىپ ئۇلارنىڭ كۆزىدىن غايىب بوپتۇ، ئۇلار بۇ ئىشقا ھەيران بوپتۇ. «مەلىكىنىڭ خانىسىدا ئادەمنى كۆرسە غايىب بولۇپ كېتىدىغان بىر يىگىت پەيدا بوپتۇ» دېگەن خەۋەر پۈتكۈل چارباغقا پۇر كېتىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەلىكىنىڭ يۈزىگە داغ چۈشۈپ، ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم بوپتۇ. بۇ ئەھۋاللارنى خانىشقا مەلۇم قىلمىسا ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەن ئىككى نەپەر كېنىزەك خانىشنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەپتۇ.

— نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ خانىش كېنىزەكتىن.

— بېشىمىزدىن قورقىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كېنىزەكلەر.

— ھەرقانچە ئېغىر گۇناھىڭلار بولسا ئۆتتۇم، قېنى تېزدىن بولغان ئەھۋالنى ئېيتىڭلار، — دەپتۇ خانىش.

— خانىش ئايىم، بىر قانچە يىلدىن بېرى بىز مەلىكىگە ئەركەك چۈشنى قوندۇرماي قوغداپ كەلگەنىدۇق، بىر قانچە ئاي بولدى مەلىكىنىڭ خانىسىغا بىر يىگىت پەيدا بولۇپ قالدى، بىز مەلىكىنىڭ خانىسىدا بولمىساق ئۇ يىگىت مەلىكە بىلەن ھەمسۆھبەت بولىدۇ. ئۇ يىگىتنىڭ بىر خىسلەتلىك يەكتىكى بار ئىكەن، بىزنى كۆرگەن ھامان يەكتەكنى كىيىپ كۆزىمىزدىن غايىب بولىدۇ، بىز ئۇ يىگىتنى كۆرەلمەيمىز. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مەلىكىنىڭ يۈزىگە داغ چۈشۈپ بويىدا قالغانلىقى مەلۇم بولدى، ئېھتىمالىي دېسەك بېشىمىزدىن قورقتۇق، — دەپتۇ كېنىزەكلەر. بۇنى ئاڭلىغان خانىشنىڭ كۆزىگە ئالەم قاراڭغۇلۇق كۆرۈنۈپ، مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كېتىپتۇ. مەلىكىمىزنى قوشنا ئەلنىڭ شاھزادىسىگە ياتلىق قىلىش كويىدا بولۇۋاتساق، بۇ بىزگە نېمە كۆرگۈلۈكتۇ، دەپ خانىش ئۆزىنىڭ ئىڭەكلىرىگە شاپاللاپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلاپتۇ. بۇنداق يىغلاشتىن بىر ئىش ھاسىل بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ، ۋەزىرنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا كېنىزەكلەردىن ئاڭلىغىنىنى ئېيتىپتۇ. ۋەزىر خانىشنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ تۇرغان يېرىدە تۇرۇپ قاپتۇ. راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ باقماقچى بولۇپ راۋاققا چىققانىكەن، مەلىكە بىلەن مەگجىلنىڭ ئىشقۋازلىشىپ ئولتۇرغان يېرىگە كىرىپ قاپتۇ، مەگجىل ئاسقۇغا ئېسقلىق تۇرغان يەكتەكنى كىيىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەپتۇ، ۋەزىر چاققانلىق بىلەن يەكتەكنى ئېلىۋېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ۋەزىرمۇ بۇ ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىلمىسا ئۇ ئىشلار ئاشكارىلىنىپ قالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بېشى كېتىشىدىن قورقۇپتۇ، ۋەزىر ئالتۇن شوتىلىق راۋاقتىن چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن مەلىكە بىلەن مەگجىل ئۆزلىرىنى قانداق قىسمەتنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ يىغلىشىپتۇ. مەگجىل مەلىكىگە ئۆزىنى ئاشكارا قىلغىنىغا مىڭبىر پۇشايمان قىپتۇ. ھەر قانچە قىلىپمۇ قاتمۇقات مۇھاسىرە ئىچىدىكى چارباغدىن چىقىپ كېتەلمەپتۇ. «جاندىن كەچمىگۈچە جانانىغا يەتكىلى بولماس» دەپتىكەن بېشىمىغا كەلگەننى كۆرەرمەن، دەپ تەقدىرگە تەن بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ۋەزىر چارباغدىن چىقىپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ ۋە ئەپلىك پۇرسەتنى تېپىپ پادىشاھقا:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھى ئالەم، ئۆزلىرىگە ئېيتىش زۆرۈر بولغان ئىككى ئېغىز سۆزۈم بار ئىدى، ئېيتاي دېسەم بېشىمنىڭ كېتىشىدىن قورقىمەن، ئېيتماي دېسەم ھەم بېشىمنىڭ كېتىشىدىن قورقىمەن، — دەپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، سىز ۋەزىر، مەن پادىشاھ بولغان بىر قانچە يىلدىن بېرى ھەرقانداق ئىش، گەپ-سۆز بولسا سىز ماڭا ئېيتماي قالمايتتىڭىز، ھەرقانداق سۆزىڭىز بولسا ئېيتىۋېرىڭ، سىزنىڭ بېشىڭىز كېتىدىغان ئۆلۈم بولسا مېنىڭ بېشىم كەتسۇن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئۆتكەنكى كۈنلەردە ئالتە ئايلىق يىراقلىقتىن شەھىرىمىزگە بىر سودىگەر يىگىت كەلگەنىدى، بىرىنچى قېتىمدا ئۇنىڭ كىستىكاسى بىلەن 3000 تاي ۋە نۇرغۇن مال-دۇنياسىنى تارتۇالغانىدۇق، ئىككىنچى قېتىمدا ئۇ يىگىت ئېلىپ كەلگەن كانايىنى تارتىۋېلىپ، 10 مىڭ دۇڭگە ئىگە بولۇپ، يەنە قانداق كارامىتى بار ئىكەن كۆرۈپ باقايلى، دەپ قويۇپ بەرگەنىدۇق. ئۈچىنچى قېتىمدا ئۇ يىگىت ئادەم ئۈچىسىغا كىيىۋالسا ئەلنىڭ كۆزىدىن غايىب بولۇپ كېتىدىغان بىر يەكتەكنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، چارباغدا مەلىكىمىز بىلەن ئالتە ئاي ۋاقىت ھەمسۆھبەت بوپتۇ. مەلىكىنىڭ يېنىدا كېنىزەكلەر بولسا ئۇ يىگىت يەكتەكنى كىيىۋېلىپ كېنىزەكلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەپتۇ، كېنىزەكلەر

يوق ۋاقىتتا يەكتەكنى سىلىۋېتىپ مەلىكىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ يۈرۈپتۇ، بۇ جەرياندا مەلىكىنىڭ بويىدا قاپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھقا ئەل كۆزىدىن غايىب بولىدىغان يەكتەكنى كۆرسەتكەنىكەن ئاچچىقى كەلگەن پادىشاھ تەخت ئۈستىدىن چاچراپ يەرگە چۈشۈپتۇ:

— جاللات ! — دەپ تۇۋلىغانىكەن، 500 نەپەر جاللات قىلىچلىرىنى پارقىرىتىپ:

— ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، كىمنىڭ ئەجىلى توشۇپ ئەزرائىل جان ئالماق ئۈچۈن كانىيىغا قولىنى سوزدىكى، — دەپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ.

— چارباغدىكى بارلىق كېنىزەكنى مەلىكە بىلەن قوشۇپ دارغا ئېسىپ، زىناخور هارامزادىنىڭ بېشىنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ پادىشاھ. جاللاتلار 23 مىڭ كېنىزەكنى مەلىكە ۋە مەگجىل بىلەن قوشۇپ باغلاپ دارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. شەھەر ئىچىدە ئەزرائىلنىڭ بازىرى چىقىپ، قىيامەت قايىن بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىر تاقەت قىلىپ تۇرالماي پادىشاھتىن ئۇلارنىڭ جېنىنى تىلىۋالماقچى بوپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— دۆلەتنىڭ بېشى ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، ئۇلارنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىش «پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوچاققا سېلىش»قا باراۋەردۇر، بولىدىغان ئىش بوپتۇ. «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا تەلپەك ئىچىدە» دېگەن گەپ بار. نەچچە 1000 كىشىنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلساق بۇ شاھىمىزنىڭ ئابرۇيى ۋە سەلتەنىتى ئۈچۈن پايدىسىز بولغان، ئاللاھ كەچۈرمەيدىغان ئېغىر گۇناھتۇر. كېنىزەكلەردە ھېچقانداق گۇناھ يوق، ياشلىق كىشىنى ھەر كويغا سالىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ياشلىقى ۋە نادانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى. مەلىكەم بولسا سىلىنىڭ يۈرەك پارىلىرىنى يېرىپ چىققان تىكەندەك يالغۇز پەرزەنتلىرى، ياشلىرىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى ئاچچىقلىرىدىن يانسىلا، ئۇ بەندىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا كۆرىدىغان كۈنى، يەيدىغان رىزقىنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇلارنى قويۇپ بەرسەك ئۆزىنىڭ كۈنىنى ئۆزى ئالسا، — دەپ تىزلىنىپتۇ. ئوردا ئەھلىمۇ ئۇلارنىڭ جېنىنى تىلەپ پادىشاھقا يېلىنىپ تىزلىنىپتۇ. پادىشاھ سەل ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئويلىنىپ ئۆز پەيلىدىن يېنىپتۇ ۋە:

— بىرى ئاشىقلىقتا، يەنە بىرى ئاچچىقلىقتا كىشىنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدىكەن، كېنىزەكلەرنى قويۇپ بېرىڭلار ئۆزىنىڭ كۈنىنى ئۆزى ئالسۇن. بالاخور هارامزادىنى ئىنسان ئايىغى يەتمەيدىغان دەشت-باياۋانغا پالىۋېتىڭلار، قاغا-قۇزغۇنلارغا يەم بولسۇن، — دەپتۇ.

ئوردا ئەھلى چەكسىز شادلىنىپ پادىشاھقا ئۇزۇن ئۆمۈر، چەكسىز كۈچ-قۇدرەت تىلەپ دۇئا قىپتۇ. چارباغدىكى پۈتكۈل كېنىزەكلەرنى مەلىكە بىلەن قوشۇپ ئۆلۈمدىن ئازاد قىپتۇ. مەگجىلنى بولسا شەھەردىن ئالتە كۈنلۈك يىراقلىقتىكى قۇملۇققا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپتۇ.

مەگجىل قۇملۇققا تاشلىۋېتىلگەن كۈنىسى قاتتىق قارا بوران چىقىپ كېتىپتۇ، ئارقىغا يانالماپتۇ ياكى ئالدىغا ماڭالماپتۇ، قارا بوران ئۈدا ئۈچ كېچە-كۈندۈز چىقىپتۇ. مەگجىل قۇمغا كۆمۈلۈپ ئۈچ كېچە-كۈندۈز يېتىپتۇ، ئېغىزىغا تېرىققا چاغلىق نەرسە سالماپتۇ، بىر يۇتۇم سۇمۇ ئىچمەپتۇ. ئورنىدىن تۇرغانىكەن ماغدۇرسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. يا ئالدىغا، يا كەينىگە يانالماپتۇ. ئاشىقىم مەلىكىنى دەپ كۆپ جەبىر-جاپامۇ تارتىپتىمەن، راھەت-پاراغەتمۇ كۆرۈپتىمەن، مەلىكىنى كۆرۈپ ۋىسالىغىمۇ يېتىپتىمەن، پادىشاھ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ ئۆلۈكۈم خارلىققا قالماس ئىدى، ئادىمىزاتسىز بۇ قۇملۇقتا بىناماز كېتەر بولدۇم. ماڭا ئۆلۈمدىن ئۆزگە يول يوق ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان مەگجىل ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ ۋە بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاق ساقاللىق، ئاق ساقال ئاق لىباسلىق خىزىر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپتۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام مەگجىلگە : «ئوغلۇم، جاننى قىيناش گۇناھتۇر، ئورنىڭدىن تۇر، يەنە مەغرىپكە قاراپ ئۈچ كۈن يول يۈرسەڭ ئالدىڭغا پۈتۈنلەي يېشىللىق بىلەن قاپلانغان بىر تاغ ئۇچرايدۇ. تاغنىڭ مەشرىق تەرىپىدە بىر غار بار، غاردىن ئىچكىرىلەپ كىرسەڭ بىر تاش ئىشىككە يولۇقسەن، ئىشىكتىن كىرسەڭ بىر تاش ئىشىككە يولۇقسەن، ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىن بەخت گۈلۈڭ ئېچىلغاي» دەپتۇ-دە غايىب بوپتۇ. مەگجىل ئويغىنىپ قارىسا يېنىدا بىر قاپاقتا سۇ، بىر تۇلۇمدا توشقان كاۋىپى بىلەن نان تۇرغۇدەك. مەگجىل نان بىلەن كاۋاپتىن تويغىچە يەپ، قاپاقنىڭ سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپ ماغدۇرىغا كەپتۇ. ئورنىدىن تۇرۇپ قاپاق بىلەن تۇلۇمنى يۈدۈپ مەغرىپكە قاراپ يول ساپتۇ. قورسىقى ئاچسا تۇلۇمدىكى كاۋاپ بىلەن ناندىن يەپ، ئۇسسىسا قاپاقنىڭ

سۇيىدىن ئىچىپ ئۈمىد بىلەن ئۈچ كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، خىزىر ئەلەيھىسسالام چۈشىدە ئېيتقان ئۈستى پۈتۈنلەي بۆك-باراقسان ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان بىر تاغقا يېتىپ كەپتۇ. تاغنىڭ مەشرىق تەرىپىگە قاراپ ماڭغاندىن كېيىن ئالدىغا چوڭ بىر غار ئۇچراپتۇ. غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىچكىرىلەپ مېڭىپتۇ، بىر ھازاغىچە ماڭغاندىن كېيىن بىر تاش ئىشىككە دۈچ كېلىپ ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپتۇ. مەڭجىل ئىشىكتىن ئۇلۇغ پۈتنى ئېلىپ كىرگەنىكەن گۈزەل بىر باغقا چىقىپتۇ. بۇ باغ زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلار ئېرىق-ئېرىقلاردا ئېقىپ تۇرغان، يەتتە ئىقلىمدىكى جىمى ئۇچار قۇش، گۈل-گىياھ، مېۋىلەر مۇجەسسەملەشكەن گۈزەل باغ ئىكەن. مەڭجىل باغنىڭ مېۋىلىرىدىن يەپ، سۇيىدىن قېنىپ ئىچىپ بىر قانچە كۈن باغنى ئايلىنىپتۇ. باغ ئىچىدە بىرەر ئادەمنىمۇ ئۇچراتماپتۇ. شۇ گۈزەل، چوڭ باغنىڭ ئىچىدە بىرەر ئادەمنىمۇ ئۇچراتمىغانلىقىغا ھەيران بوپتۇ. باغنى ئايلىنىپ بىر بۇرجىكىگە كەلگەندە پىشىپ تۆۋىگە تۆكۈلۈپ كەتكەن ئەنجۈرلىرىگە كۆزى چۈشۈپتۇ. ئەنجۈرلەرنىڭ بىر شېخىدىكى مېۋىسىنىڭ ياغدەك سېرىق، يەنە بىر شېخىدىكى مېۋىسىنىڭ كۆمۈردەك قارا پىشقىنىغا ھەيران قاپتۇ. مەڭجىل قارا ئەنجۈردىن بىرنى ئۈزۈپ يېگەنىكەن قاتتىق ئۇيقۇسى كېلىپ قاپتۇ. ئەنجۈرنىڭ تۈۋىدە يېتىپ ئۇخلاپتۇ. ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەنىكەن ئۈستىدىن ئېغىر نەرسە بېسىپ تۇرغاندەك زادىلا ئورنىدىن تۇرالماپتۇ. بېشىدىن سەگسترەكتەك ئېگىز ۋە يوغان بىر جۈپ مۈڭگۈزنىڭ ئۆسۈپ چىققانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە بۇنىڭ قارا ئەنجۈرنى يېگەنلىك سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى بىلىپتۇ. مەڭجىل بېشىدىكى مۈڭگۈزدىن قانداق قۇتۇلۇش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ياتقان ۋاقىتتا ئەنجۈرنىڭ شېخىدىن سېرىق ئەنجۈردىن بىرسى ئالدىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ ئەنجۈرنى يېگەنىكەن شۇ زامان قاتتىق ئۇيقۇسى كەپتۇ. يېتىپ قانغۇچە ئۇخلاپ ئويغىنىپتۇ. ئويغىنىپ توسالغۇسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. قارىسا بىر جۈپ مۈڭگۈز يەردە تۇرغۇدەك. مەڭجىل بۇ ئەنجۈرنىڭ قارىسىنى يېسە بېشىغا مۈڭگۈز چىقىدىغانلىقىنى، ئەگەر سېرىقىنى يېسە مۈڭگۈزدىن قۇتۇلىدىغان خىسلەتلىك ئەنجۈر ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە كۆڭلىگە بىر ئويىنى پۈكۈپتۇ.

مەڭجىل باغدىكى مەجنۇن تالنىڭ چوۋۇقىدا ئۈچ كۈن ئىچىدە ئىككى دانە كاڭكا ① توقۇپ، ساناپ تەڭ نىسبەتتە بىر كاڭكىغا قارا ئەنجۈر، بىر كاڭكىغا سېرىق ئەنجۈرنى قاچىلاپ ئۆزى باغقا كىرگەن تاش ئىشىكتىن غارغا چىقىپتۇ. مەڭجىل باغدىن غارغا چىقىشى بىلەن تەڭ تاش ئىشىك كۆز ئالدىدىن غايىب بوپتۇ، ئەسلىدە بۇ بىر تىلسىملىق جاي ئىكەن.

مەڭجىل ئىككى كاڭكا ئەنجۈرنى يۈدۈپ بىر ھەپتە يول يۈرۈپ رۇم شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. سېرىق ئەنجۈر قاچىلانغان كاڭكىنى بىر دەڭجاغا ساقلاتقىلى بېرىپ، يەنە بىر كاڭكىدىكى قارا ئەنجۈرنى ساتماقچى بولۇپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ئوردا دەرۋازىسىدىن ۋەزىر ئىككى نەپەر ياساۋۇلنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپتۇ-دە، مەڭجىل تۇتۇپ ئولتۇرغان قارا ئەنجۈرگە كۆزى چۈشۈپتۇ. مەڭجىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بۇ قانداق مېۋە؟ — دەپ سوراپتۇ. مەڭجىلنىڭ چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ ئاشقىنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالغاچقا ۋەزىر ئۇنى تونۇيالماپتۇ.

— بۇ قارا ئەنجۈر، باشنى سەگىتىپ، يۈرەكنى ياخشىلاپ بەدەننى چېنىقتۇرىدۇ.

— ساتامسەن؟

— شۇنداق، سېتىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم، ھەقىقەتەنمۇ ئوردا ئەھلىگە لايىق مېۋە.

— قانچە تەڭگىگە ساتىسەن؟

— ئون تەڭگە بەرسىلە، — دەپتۇ مەڭجىل ۋەزىرگە. ۋەزىر ئون تەڭگە بېرىپ، كاڭكىنى ياساۋۇللىرى كۆتۈرۈپ ئوردا ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئەنجۈرنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئاجايىپ مېۋىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ ۋە بۇ قارا ئەنجۈرگە پۈتكۈل ئوردا ئەھلىنىڭ ئېغىز تېگىشىنى ۋەزىرگە تاپىلاپ ئۆزى بىرنى يەپتۇ. ۋەزىر قارا ئەنجۈرنى قاقتەك، تىرناقتەك ئۈششاقلاپ، پۈتكۈل ئوردا ئەھلىگە يەتكۈزۈپتۇ. لېكىن ئۆزىگە يەتمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئوردا ئەھلىنى ئۇيقۇ بالاسى قاپلاپتۇ، ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ھەممىسى مۈڭ-

---

①كاڭكا — يېغى يوق چوڭ سېۋەت.



MIRAS

گۇزلۇك ئادەمگە ئايلىنىپتۇ. ۋەزىردىن باشقا ھېچ كىشى ئۆرە يۇرەلمەپتۇ. «ئوردا ئەھلىگە مۇڭگۇز ئۈنۈپ چىقىپتۇ» دېگەن خەۋەر تېزلىك بىلەن پۈتكۈل شەھەرنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارىلىپتۇ. ۋەزىر سەگۈتىرەكتەك ئېگىز ۋە يوغان مۇڭگۇزلەرنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ۋەزىر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرسە پادىشاھ يەردە كالىدەك ياتقۇدەك. ۋەزىرنىڭ بېشىدا مۇڭگۇزنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەن پادىشاھ:

— نېمە ئۈچۈن سىزنىڭ بېشىڭىزغا مۇڭگۇز ئۈنمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىردىن.

— قارا ئەنجۈرنى باشقىلارغا تەقسىملەپ بېرىپ ئۆزۈمگە يەتمىگەندى، مەن بۇ پېشكەللىكتىن خالاس بوپتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر پادىشاھقا.

— تېزدىن ئەنجۈر ئالغان كىشىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئوردا ئەھلىدىن مۇڭگۇز بالاسىنى يوقىتىشنىڭ ئامالىنى قىلغايسىز، — دەپ يىلىنىپتۇ پادىشاھ ۋەزىرگە. ۋەزىر ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ سىرتقا قاراپ مېڭىپتۇ. مەجنۇن ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا ئولتۇرغانىكەن، ۋەزىر مەجنۇننى كۆرۈپ:

— ھەي ئاشىق، سەندىن سېتىۋالغان ئەنجۈرنى يەپ ئوردا ئەھلى مۇڭگۇزلۇك بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ بېشىدىن مۇڭگۇزنى يوق قىلىشنىڭ ئامالى بارمۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن مەجنۇن:

— جاھاندا سەۋەبسىز ئىش مەۋجۇت ئەمەس، ئەنجۈرنى يەپ مۇڭگۇزلۇك بولۇپ قالغانىكەن يەنە ئەنجۈر ئارقىلىق مۇڭگۇزدىن قۇتۇلۇش تامامەن مۇمكىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىرگە.

— تېزدىن ئېيتقىن، ئۇ ئەنجۈر قەيەردە؟

— بۇنى پەقەت پادىشاھنىڭ ئۆزىگىلا ئېيتىمەن.

ۋەزىر مەجنۇننى پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ.

— ئەي ئاشىق، بىزنى بۇ پېشكەللىكتىن قۇتۇلدۇرغىن، نېمىنى خالىساڭ شۇنى بېرەي، — دەپتۇ پادىشاھ مەجنۇنغا.

— ئۇنداق بولسا سىلى مېنىڭ ئۈچ تۈرلۈك شەرتىمنى ئورۇنداشقا ۋەدە قىلىشلىرى كېرەك، — دەپتۇ مەجنۇن پادىشاھقا.

— بىز بۇ پېشكەللىكتىن قۇتۇلدىغانلا بولساق ئۈچ تۈرلۈك ئەمەس 30 تۈرلۈك شەرتىڭ بولسىمۇ ئورۇندايمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ پادىشاھ.

— مەن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئاشىقلىق سەۋەبىدىن بۇ شەھەرگە ئۈچ قېتىم كەلگەن. بىرىنچى قېتىم كەلگەندە سىلى پۇل تۇغدىغان كىستىكاسام بىلەن مال-دۇنيالىرىمنى تارتىۋالغان، ئىككىنچى قېتىم كەلگىنىمدە ئۈچىدىن دۆ چىقىدىغان كانايىنى تارتىۋاللا، ئۈچىنچى قېتىم كەلگىنىمدە ئەلنىڭ كۆزىدىن غايىب بولۇپ كېتىدىغان يەكتەكنى تارتىۋېلىپ مېنى چۆلگە پالىۋەتتىلە، بىرىنچى شەرتىم شۇ نەرسىلىرىمنى قايتۇرۇپ بېرىشلىرى كېرەك؛ ئىككىنچى شەرتىم، پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا قىزلىرى مەلىكىنى ماڭا نىكاھلاپ بېرىشلىرى كېرەك؛ ئۈچىنچى شەرتىم، رۇم شەھىرىنىڭ پادىشاھلىقىنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىشلىرى لازىم، — دەپ مەجنۇن ئۆزىنىڭ شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ بىلەن ۋەزىر مەجنۇننىڭ كارامەتلىرىگە ھەيران بوپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ بىلەن ئېتىشىشنىڭ ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭ شەرتلىرىگە تولۇق قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ۋەزىر خەزىنىدىن مەجنۇننىڭ كىستىكاسى بىلەن كانىيى ۋە يەكتىكىنى ئاچىقىپ بېرىپتۇ ۋە پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەلىكىنى مەجنۇنغا نىكاھلاپ قويۇپتۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق مۆھرى بىلەن خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى مەجنۇنغا بېرىپ، ئۇنىڭ بۈگۈندىن ئېتىبارەن رۇم شەھىرىنىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكىنى شەھەرنىڭ پۈتكۈل خەلقى ئالدىدا جاكارلاپتۇ. مەجنۇن دەججالنىڭ قېشىدىن سېرىق ئەنجۈرنى ئەكىلىپ ئۇنى يېسە مۇڭگۇزدىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ۋەزىرگە بېرىپتۇ. ۋەزىر سېرىق ئەنجۈرنى ئوردىدىكىلەرگە تارقىتىپ بېرىپتۇ، ئوردىدىكىلەر سېرىق ئەنجۈرنى يەپ ئۇخلاپ ئويغانغاندىن كېيىن مۇڭگۇزدىن قۇتۇلۇپتۇ.

مەجنۇن رۇم شەھىرىگە پادىشاھ بولغاندىن كېيىن شەھەر خەلقىگە 40 كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپ، ئۈچ خىسلەتلىك نەرسىگە تايىنىپ پۈتكۈل شەھەرلەرنى ئۆزىگە ئەل قىپتۇ. ئۆز يۇرتىدىن ئانىسىنى ئەكىلىپ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ، مەلىكە بىلەن خۇشال-خۇرام، بەختلىك ياشاپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: سانجۇ يېزا ساي مەھەللىسىدىن 65 ياشلىق تېۋىپ مەخسۇت ھېيت، ساۋاتلىق.

لېنتىغا ئالغۇچى: ناھىيەلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىدىن **تۇرسۇن مۇھەممەد ھوسۇن**، لېنتىغا ئېلىنغان ۋاقتى 1981-يىلى 10-ئاي.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: شىنجاڭ رادىيو-تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ناھىيەلىك ئوقۇتۇش پونكىتىدىن **غالىپجان تۇرسۇن**

# مەسەللەر

مۇھەممەت ئىمىن



## مايمۇن ئەقلىنى تاپتى

مايمۇن قۇشقاچ ئېتىپ يۈرگەن بىر بالىنىڭ رەگەتكىسىنى قولغا چۈشۈرۈۋالدى-دە، بالىنى دوراپ رەگەتكىنى چەنلەپ، ئۆتكۈر تۇمشۇقلىرى بىلەن كېسەل دەرەخنى ئوپېراتسىيە قىلىۋاتقان تۆمۈر تۇمشۇقنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، تومۇز ئىسسىقىغا قارىماي چېكەتكىنىڭ ئەدىپىنى بېرىۋاتقان قارىغوجىنى ياردار قىلدى. غۇۋا ئاي يورۇقىدا تۇلۇمچاشقانغا چاڭ سېلىۋاتقان مۈشۈكياپىلاقنى ئۈركۈتۈۋەتتى. بۈگۈنكى تاماشىسىدىن بەكمۇ ھۇزۇرلىنىپ كەتكەن مايمۇن بۈك-باراقسان دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن مارىلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا كۆز قىسىپ قويدى-دە، ئوڭدىسىغا يېتىۋېلىپ، رەگەتكىنى قولىغا ئالدى. مانا ئۇ ھازىرلا يۇلتۇزدىن بىر قانچىنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ، پۈتۈن ئورماندىكى جان-جانىۋارلارنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدۇ. «مايمۇن پالۋان» دېگەن نامغا ئېرىشىپ، بارغانلىكى يېرىدە ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. ھەممەيلەن ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ، ئاخىرىدا تېخى يولۋاسنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولۇپ قالسىچۇ!... ئۈزۈلمەي كىرىۋاتقان شېرىن خىيال بىلەن مەست بولۇپ كەتكەن مايمۇن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، رەگەتكىگە يوغانراق بىر تاش سېلىپ، كۈچەپ سوزۇپ ئېتىۋەتتى. ھايال ئۆتمەي قاتتىق بىر نەرسە پېشانىسىگە «تاس!» قىلىپ تەگدى. ئۇ «ۋاي!» دېگىنىچە يەرنى سىيپاشتۇرۇشقا باشلىدى. «پېشانەمگە ئۇرۇلغان نەرسە جەزمەن يۇلتۇز...» دەپ ئويلىدى مايمۇن خۇشال بولغان ھالدا: «بولمىسا تاشمۇ بۇنداق قاتتىق تەگكەن بارمۇ! گەپ-سۆزسىز يۇلتۇز!...» بىراق يېنىدا باياتىن ئۆزى ئاسمانغا قارىتىپ ئاتقان ھېلىقى تاشتىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ مەيۈسلەنگەن ھالدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، تاشنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ، پېشانىسىدىكى مۇشتۇمدەك ھۆررەكنى سىيلىغىچە قىڭغىيىپ ئۇيقۇغا كەتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ ئالدىدا ئاجايىپ مەخلۇقلار پەيدا بولۇپ قالدى. سوزۇنچاق، ئاۋاق، تۈكلۈك كەلگەن بىر نەرسە ئاۋۋال ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

— ئى، پالۋان! مىننەتدارلىقىمنى ئىزھار قىلىشقا ئىجازەت بەرسىڭىز! — دەپ سۆز باشلىدى.

مايمۇننىڭ يۈرىكى هاياجان ئىلكىدە ئويناپ كەتتى: «پاھ مېنى پالۋان دەۋاتىدىغۇ! بەلكىم ئۆزۈم بىلمىگەن بىلەن پالۋان بولۇپ قالسامۇ قالغاندۇرمەن!» ئۇ گويا پالۋانلاردەك كۆكرىكىنى كېرىپ، تەكەببۇرلۇق بىلەن قولنى شىلتىدى:

— قېنى، سۆزلە!

— شەپقەتلىرىگە رەھمەت! — دېدى ھېلىقى نەرسە ئىززەت-ئىكرام بىلەن، — ئاۋۋال ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي: مەن ئەۋلادمۇئەۋلاد دەل-دەرەخ پوستىدىن ماكان تۇتۇپ ياشاپ كېلىۋاتقان قۇرت بولىمەن. ئەپسۇسكى، تۆمۈر تۇمشۇق دېگەن قاتىل ئۇرۇق-ئەۋلادىمنى قىرىپ كۈن بەرمەي كەلگەننىدى. بۇگۈن ئۆزلىرى تەڭداشسىز جاسارەت بىلەن ئۇنى ئۇجۇقدۇردىلا، مەن قەھرىمانلىقلىرىغا ئىچ-ئىچىمدىن قايىل بولدۇم. بىزنى بۇ دەھشەتلىك بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرغان ياخشىلىقلىرىغا قانداق جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي...، — ئۇ هاياجاندىن تاراملاپ ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ بىر كومزەكنى چىقاردى، — بۇ دەرەخ شىرنىسىدىن ياسالغان قىيام، ئاز بولسىمۇ كۆڭلۈم...

مايمۇن بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك سەسكىنىپ بىر قىسما بولۇپ قالدى. بىر نېمە دېيىشكە تەمشىلىۋاتقاندا، سوكال قاناتلىق قاپقارا بىر نەرسە سۆز ئالدى:

— مەن چېكەتكە بولىمەن، ئەتىدىن-كەچكىچە ئۆزۈمنىڭ يېقىملىق ناخشىسى بىلەن ئورمىچىلارغا ئىلھام بەرگەچ، ئۆزلىرىگە ئاتاپ قىزىرىپ پىشقان ئېسىل بۇغدايلارنى يىغىش بىلەن ئاۋارە، بىراق قارىغوجا دېگەن بۇ مۇتتەھەم لۈكچەك «شۇ بۇغدايلارنى مايمۇن پالۋان يەپ كېتەرمۇ» دەپ ھەسەتخورلۇق قىلىپ، گېلىمدىن بوغقىنى بوغقان. تەڭتۇشلىرىمدىن كۆرمىگى ئۆزلىرىگە خىزمەت كۆرسىتىش يولىدا قارىغوجا بىلەن ئېلىشىپ ئۆلۈپ كەتتى. مانا بۈگۈن ئۆزلىرى شۇلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ، مېنى پۇخادىن چىقاردىلا. مەن...، — ئۇنىڭ خۇشاللىقتىن ئېغىزى گەپكە كەلمەي قالدى بولغاي، بۇرۇتلىرىنى لىكىلداتقىنچە ئۆز يېنىدا تىكلەكلىك تۇرغان بىر خالتىنى كۆرسەتتى:

— بۇ، بىر تال-بىر تالدىن تاللانغان ئېسىل بۇغداي، كۆپ بولمىسىمۇ ئۆزلىرىگە بولغان ھۆرمىتىم...

مايمۇننىڭ كۆڭلى ئاينىپ كەتتى. ئۇ گېلىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك گەپ-سۆز قىلالماي كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە بوز تۆكلۈك، سېمىز گەۋدىلىك، ئۈزۈن قۇيرۇقلۇق بىر مەخلۇققا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— مەن تۇلۇمچاشقان بولىمەن، — دېدى ئۇ ئالدىغا ئۆتۈپ، — خېلى بۇرۇندىن داڭقىلىرىنى ئاڭلاپ، بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈشۈپ، دىدارلىرىغا قېنىشنى كېچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كەلگەننىدىم. بۈگۈن تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولۇپتۇ. مەن بۇ بەختلىك مىنۇتلارنى...، — تۇلۇمچاشقان ھەقىقەتەن بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر تويۇقسىز ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. بىر هازادىن كېيىن يەغىسنى ئاران توختىتىپ، ئېسەدەپ سۆزلەشكە باشلىدى، — مېنى ھەممەيلەن ئوغرى دېيىشىدۇ، ماڭا ئۇۋال! ئۇۋال!... مەن قانداقمۇ ئوغرى بولاي؟! ئۆزۈمنىڭ هالال ئەمگىكىگە تايىنىپ جان بېقىپ كېلىۋاتقان ياۋاش جانىۋارمەن! نىھايەت ئېتىزلىقتىن تېرىق، قوناق دېگەندەك ئادەمزات ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان قاتتىق-قۇرۇق نەرسىلەرنى ئۇۋامغا توشۇۋالىمەن، خالاس! ئوغرى دېگەن مەندەك پۇلغا يارىمايدىغان نەرسىلەرنى ئەمەس، ئېسىل ماللارنى ئوغرىلايدۇ-دە! مەن يەنە باشقىلارنى ياللاپ ئولتۇرماي، يۈكنى يول يىراقلىقىغا قارىماي تەرلەپ-پىشىپ ئۆزۈم توشۇپ كېلىۋاتىمەن، بۇ هالال ئەمگەك بولماي نېمىكەن؟! شۇڭا مېنى خەقلەرنىڭ «ئوغرى»، «هارام يەيدۇ...» دېگەنلىرى پۈتۈنلەي بىكار گەپ! بىراق ئادالەت نۇرىدىن قاچىدىغان قاراقچى مۈشۈكياپىلاق ماڭا دېھقاندىنمۇ بەك ئۆچ! كەچ كىردىمۇ ئارام بەرمەيدۇ. قانچىلىغان بىگۇناھ قوۋمى-قېرىنداشلىرىم ئۇنىڭ تۆمۈر تىرنىقى ئاستىدا هالاك بولدى. بۇلارنى ئويلىسام، ئۆزۈمنى باسالماي قالىمەن! ناۋادا بۈگۈن ئۆزلىرى قۇتقۇزۇۋالمىغان بولسىلا مەنمۇ...

مايمۇننىڭ بېشى پىرقىراپ ئايلىنىشقا باشلىدى. غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ۋارقىرىماقچى بولۇۋېدى، نېمە ئۈچۈندۇر ئاۋازى چىقمىدى.

بۇ چاغدا تۇلۇمچاشقان بىر قاچىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ مايمۇنغا سۇنۇۋاتاتتى:

— مانا بۇ ئۆز قولۇم بىلەن ئۇزاق زامان ئېچىتىپ ياسىغان شېرىن قوناق هارىقى، تەمنى تېتىپ...

مايمۇن ئاچچىق ئەلەم ئىچىدە قولنى بىر شىلتىۋېدى، تۇلۇمچاشقاننىڭ قولىدىكى قاچا ئۆرۈلۈپ كەتكىلى تاس قالدى. تۇلۇمچاشقان هاڭ-تاڭ قالغان هالدا ئارقىغا داجىدى. قۇرت بىلەن چېكەتكە شۇ زامات ئالدىغا بىر قەدەم چامداپ، ئەدەپ بىلەن تەزىم قىلدى:

— قوبۇل قىلسىلا! بىز ھېچنېمىدىن قورقماس مايمۇن پالۋان بۈگۈن باشلىغان مۇقەددەس ئىشنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرسىكەن دېگەن ئۈمىدتە ئۆزلىرىگە بولغان مېھىر- مۇھەببىتىمىز بىلەن بۇ ئەرزىمەس سوۋغىلارنى...

قۇرت بىلەن چېكەتكىنىڭ قورقۇمسىزلىقىدىن روھلانغان تۈلۈمچاشقان گەپنى تارتىۋالدى:

— ئۆزلىرىنى تېخى بىزگە سەركەردە بولۇپ بېرەرمىكىن دەپ...

— يوقال! مەنزە، سىلەردەك ئوغرى، زىيانكەش، بۇزۇقلارغا باشلىق بولامتىم؟! — مايمۇن تاقەت قىلىپ تۇرالماي دەرغەزەپ بىلەن ۋارقىرىۋەتتى.

— كەمتەرلىك قىلمىسىلا! — دېدى چېكەتكە ھەدىيارلىق بىلەن كۆزنى قىساچ تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ جەستىنى ئىما قىلىپ.

— يوقال! ھەممىڭ كۆزۈمدىن يوقال! بولمىسا...

— نېمە بولدۇڭ جېنىم بالام؟ — دېدى بالىسىنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەن ئانا مايمۇن ئۇستىبېشى چىلىق- چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن، ئۇندەرەپ ئورنىدىن تۇرۇۋشقا تەمشىلىۋاتقان ئوغلىنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋېتىپ.

— ۋاي، جېنىم ئانا، مەن نېمە ئىش قىلىپ قويدۇم- ھە! كەچۈرگىن بەڭباش ئوغلۇڭنى!

ئانا مايمۇن ئوغلىنىڭ يېنىدا تۇرغان رەگەتكە بىلەن تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ جەستىنى كۆرۈپ ھەممىنى چۈشەندى.

— بۇنىڭدىن كېيىن ئەقلىڭنى تاپساڭلا بولىدى. قوي ئەمدى يىغلىما! — ئانا مايمۇن ئۆزىنىڭ بوينىدىن چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ ئاچچىق- ئاچچىق يىغلاۋاتقان ئوغلىغا تەسەللى بەردى.

— ئەقلىمنى تاپتىم ئانا! ئەمدى ھەممىنى چۈشەندىم! بۈگۈندىن ئېتىبارەن پايدىلىق قۇش- قاناتلارغا زادى تەگمەيمەن!

### كىتاب قۇرتىنىڭ ئىقرارى

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ! — دېدى ئىشكاپ، كىتابنى كىرتىلدىتىپ غاجىلىغىلى تۇرغان قۇرتنى ئەيىبلەپ، — ئەجەبا سەن بۇنىڭ، ئاپتورنىڭ ئەقىل- پاراستىنىڭ جەۋھەرى ئىكەنلىكىنى، ھەر بىر بېتىگە قانچىلىك قان- تەر سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى بىلمەمسەن؟!...

— بىلمەيمەن.

— بىلىپ تۇرۇپ نابۇت قىلغىچە ئىزاغا ئۆلسەڭچۇ! — دېدى ئىشكاپ زەردە بىلەن.

— قىزىق ئىكەنسىز، كىتاب ئىگىسى كىچىككىنىمۇ خىجىل بولمىغان يەردە ماڭا نېمىدى؟! — دېدى قۇرت تەمكىن ئاھاڭدا، — ھەرقانچە بىباھا نەرسىمۇ ئىشلەتمەي تاشلاپ قويسا بىر كېرەك نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. كىتاب ئىگىسى بۇنىڭ شۇنچىلا قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، يىللاپ- يىللاپ بىرەر- يېرىم قېتىم بولسىمۇ ۋاراقلاپ قويماي دېمەي ئوينىناپ يۈرىدۇ، بىچارە كىتاب بولسا توپا ئاستىدا بىكار ياتىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە مەن غاجاپ قورسىقىمنى تويغۇزۇۋالسام نېمە بوپتۇ؟!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىشكاپمۇ جىم بولۇپ قالدى.

### كۆچ- ئۆملۈكتە

شىددەتلىك بوران سازلىقتىن يۈز ماڭدامدەك يىراقلىقتىكى يالغۇز بىر توپ دەرەخنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىدى. قورقىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن بىر تال يۇمران قومۇش، يېنىدىكى غوللۇق قېرى قومۇش قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— قانداقمۇ قىلارمىز تاغا؟ — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ، — بوران شۇنچە يوغان دەرەخنى قومۇرۇپ تاشلىغان يەردە، گەپ- سۆزسىز بىزنىڭ كۆلمىزنى كۆككە سورۇۋېتىدىغان ئوخشايدۇ، بۇ دەھشەتلىك ئاپەتتىن ئامان- ئېسەن قۇتۇلۇپ كېتىشنىڭ بىرەر ئامالى تېپىلماسمۇ؟

— قورقما بالام، — دېدى كۆپ ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن قېرى قومۇش يىراقتىكى قويۇق ئورماننى كۆرسىتىپ، — بوران نېمە ئۈچۈن ئورمانغا تېگەلمەي، يالغۇز دەرەخنى قومۇرۇۋېتەلەيدۇ؟ چۈنكى، ئورمانلىقتىكى سان- ساناقسىز دەرەخلەر بىر- بىرى بىلەن زىچ گىرەلىشىپ، تەڭداشسىز كۆچ- قۇدرەت ھاسىل قىلغان، يالغۇز دەرەخ بولسا ئۆز توپىدىن ئايرىلىپ كۆچ مەنبەسىدىن مەھرۇم قالغان. شۇڭا...

— ئەمما بىزنىڭ جۇغىمىز ئورمانلىقتىكى دەل- دەرەخلەرنىڭ ئىنچىكە شېخچىلىكمۇ بولمىسا...

— شۇنداق، بىز دەل- دەرەخ ئالدىدا تولىمۇ كىچىك، تولىمۇ ئاۋاقمىز. لېكىن شۇ يېرىمىز ئارتۇقكى، بىز ئۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ زىچ، قويۇق، ھېچقاچان بىر- بىرىمىزدىن ئايرىلىپ كەتمەيمىز، شۇڭلاشقا ھەرقانداق دەھشەتلىك بورانمۇ بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. شۇنى مەڭگۈ ئېسىڭدە چىڭ تۇتقىنكى، كۆچ — ئۆملۈكتە!

(ئاپتور: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىدا)

MIRAS

# كەلپىندىكى بىر قىسىم يەر-جايلارغا قىسقىچە ئىزاھات



ئەيساجان تۇردى ئاچچىق، ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل

**1. كەلپىن:**

ئۇلۇغ تارىخشۇناس سېيىت ھەيدەرخان ئۆزىنىڭ
«كۇشان خانلىقى» دېگەن ئەسىرىدە ياۋچىلارنىڭ بىر
نەچچە قەبىلىسى بارلىقىنى قەيت قىلغان. ئاشۇ نەچچە قە-
بىلە ئىچىدە «كالاپان» دېگەن بىر قەبىلە بولغان.
«كالاپان» دېگەن سۆز كالىنى بەلگە قىلغۇچى، كالىنى
مۇقەددەس بىلگۈچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «پان»
سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، ھەقداسى، ئىگىسى
دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. شۇڭا «كالاپان» سۆزى كېيىنچە
فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ «كەلپىن» بولۇپ ئۆزگەر-
گەن دېيىشكە بولىدۇ.

بەزىلەر بۇنىڭدىن 700 يىل ئىلگىرى تەكلىماكاندى-
كى «كېنىدىك» قەبىلىسى قۇم-بوران ئاپىتىگە ئۇچراپ
كەلپىنگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. كېيىن «كېنىك»
دېگەن «كەلپىن»گە ئۆزگەرگەن دېيىشمەكتە.

بەزىلەر «كەلپىن» نامىنى ئۇيغۇرچە «كەپە» سۆزدى-
دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر
«كەلكۈن» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دەپ قارايدۇ.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر تىلى-
نىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىدىن قارىغاندا سۆزلەر ھامان
قىسقىراش، سىلىقلىشىش تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ.
ئۇ ھەرگىز ئۇزىراش، قوپاللىشىش تەرەپكە قاراپ تەرەق-
قىي قىلمايدۇ. شۇڭا «كەپە»، «كەلكۈن» سۆزلىرى كېيىن-
چە «كەلپىن»گە ئۆزگەرگەن دېيىش تىل تەرەققىيات قا-
نۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

(قوشۇمچە ماتېرىيال كەلپىن ھەققىدىكى بىر قىسىم
رىۋايەتلەر)

(1)

ناھايىتى قەدىمكى زاماندا كەلپىن ئادەم ئاياغ باسمى-
غان قېلىن جاڭگال ئىكەن. ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلار خا-
لىغانچە كېزىپ يۈرىيدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتۇشتىن
كەلگەن يەتتە ئوۋچى كەلپىن تاغلىرىدا ئوۋ ئوۋلاپ
يۈرۈپ، بۇلاق بېشىغا (سۇ بېشى) كېلىپ قاپتۇ ۋە سۇنى
بويلاپ مېڭىپ ئورمان ئىچىگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇلار بۇ
يەردە بۇلاق سۈيىنىڭ مول، ئورماننىڭ قويۇق، ئوۋلاي-
دىغان نەرسىلەرنىڭ بەكلا كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ،
مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشنى لايىق كۆرۈپتۇ-دە، كەپە
كولاپ ماكانلىشىپ قاپتۇ، «كەپە» دېگەن سۆز ئۆزگى-
رىپ، ھازىرقى كۈندە «كەلپىن» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

(2)

قەدىمكى زاماندا پادىشاھلار گەپ ئاڭلىمىغان، چى-
شىغا تەگكەنلەرگە بىر خىل نام قويۇپ قويىدىكەن. بىر
پادىشاھ كەلپىنگە سىلىق چېچىپ زۇلۇم سالغاندا، نامرات
كەلپىنلىكلەر قارشى چىققانىكەن. شۇڭا پادىشاھ كەلپىنلىك-
لەرنى چاتاقچى دەپ بۇ يۇرتنىڭ سىرت بىلەن ئالاقە قىلى-
شىنى توسۇپتۇ. شۇڭا كىشىلەر بۇ يۇرتقا «كەلبىن» دېگەن
نامنى قويۇپ قويۇپتۇ. («كەلبىن» پادىشاھ ياقتۇرمايدى-
غان خەلق دېگەن مەنىدە بولىدۇ، دېگەن ئىزاھاتنى بەر-
گۈچىلەر بار). شۇنىڭدىن كېيىن «كەلبىن» دېگەن بۇ سۆز
تەدرىجىي ئۆزگىرىپ بۈگۈنكى كۈندە «كەلپىن» دەپ
ئېيتىلىدىغان بوپتۇ.

(3)

قەدىمكى زاماندا توخرىلاردا 12 قەبىلە بولۇپ،
شۇلارنىڭ ئىچىدە كالىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر قەبىلە بار

ئىكەن. ئۇ قەبىلە غەربكە كۆچكەندە مۇشۇ يۇرتقا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن بۇ يەر «كالاپان» دەپ ئاتىلىپتىكەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «پان» سۆز ياسىغۇچى بولۇپ، قىلغۇچى، ئەتكۈچى، چىدىگەن مەنىلەرنى بېرىدىكەن، شۇڭا «كالاپان» دېگەن قەبىلىنىڭ نامى تەدرىجىي ئۆزگىرىپ، بۈگۈنكى كۈندە «كەلپىن» بولۇپ قالغانىكەن.

(4)

قەدىمكى زاماندا كەلپىننىڭ ھەممىلا يېرى قىلىن جاڭگاللىق ئىكەن، كەلپىن دەرياسى تولۇپ ئاقىدىكەن. يامغۇر يېغىپ كەلكۈن كەلگەن چاغلاردا كەلپىن جاڭگاللىقىنىڭ ھەممىلا يېرىنى سۇ بېسىپ كېتىدىكەن. بۇ جايدا كېشىلەر ماكانلىشىپ قالغاندىن كېيىنمۇ يۇرتنى بىر قانچە قېتىم قىيان بېسىپ كەتكەچكە، «كەلكۈن كېلىدىغان يۇرت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «كەلكۈن يۇرت» سۆزى تەدرىجىي ئۆزگىرىپ «كەلكۈن»گە، كېيىن ھازىرقى «كەلپىن»گە ئۆزگىرىپ قاپتۇ.

(5)

يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، بۇرۇنقى ئۇلۇغلار يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ كەلپىنگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇلار كۆپىنچە تاغ بويلاپ ماڭغانچە، بۇ يۇرتقا «كۆھلەپ» (تاغ بويىدىكى يۇرت) دېگەن نامنى قويۇپتۇ. بۇ نام ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىپ «كەلپىن» بولۇپ قاپتۇ.

(6)

يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، دىنىي مەزھەپلەر ئارا زىددىيەتلەر كۈچەيگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر خىل مەزھەپ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىپ كەلپىنگە كىرىۋاپتۇ. شۇ مەزھەپنىڭ ئىسمى «كەلپىن» (كىلفىن) بولغاچقا، بۈگۈنكى كۈندىمۇ شۇنام داۋاملىشىپ «كەلپىن» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

(7)

يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئوغۇزخان يۇرت ئارىلاپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، قىپچاقلارنىڭ قەبىلىسىگە «كەلپىند» دەپ تۇرۇپ قېلىڭلار، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. بۇ قەبىلە ئوغۇزخاندىن بىزگە نام قويۇپ بەرسىلە دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. ئوغۇزخان «كەلپىند» (نەسھەتكە كىرىڭلار) دەپ نام قويۇپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن «كەلپىند» دېگەن بۇ نام تەدرىجىي ئۆزگىرىپ، ھازىرقى «كەلپىن» بولۇپ قاپتۇ.

**2. يۇرچى:**

مىلادىدىن 170 نەچچە يىل ئىلگىرى گەنسۇدىكى خېشى كارىدورىدىن غەربكە كۆچكەن ياۋچىلارنىڭ بىر قىسمى تەكلىماكان بوستانلىقىدىمۇ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. غەربكە كۆچۈپ ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا بارغان ياۋچىلار ئۇ يەردىن ساكلارنى جەنۇبقا كۆچۈشكە مەجبۇرلىغان. جەنۇبقا كۆچكەنلىرى تارىم ئويمانلىقىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. نەتىجىدە ياۋچىلار بىلەن ساكلارنىڭ بىر قىسمى كەلپىن خەلقىنىڭ تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇنىڭدىن كەلپىندىكى «يۇرچى» دېگەن يەر نامىنى ياۋچىلارنىڭ ئىسمىغا قويۇلغان دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ياۋچىلارنى بەزى ئالىم، تارىخشۇناسلار «يۇرىچى، يۇچى» دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «يۇرچى» يۇرچى يېزىسىنىڭ نامى، مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن ئەپەندى «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» دېگەن كىتابى (53-بەت)دا. «يۇرچى»نى تۇخارلار دەپ ئىزاھلىغان بولسا «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە يۇرچى «ياۋچىلار» دەپ ئىزاھلانغان.

**3. ئاچال:**

بىرىنچى، «ئاچال» ئۇيغۇرچە «ئاچا» سۆزىدىن كېلىپ چىققان، قىزىلقۇم ئېقىنى بۇ يېزىغا كىرگەندىن كېيىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئاقىدۇ. بىر ئېقىنى كونا يولى بىلەن ئېقىپ يايىدى دېگەن جايغا بارىدۇ. يەنە بىر ئېقىنى شەرققە قاراپ ئېقىپ، چىلان سېيىدىن ئۆتۈپ، يەنە يايىدىغا كىرىدۇ. ئېقىن تەبىئىي ھالدا ئاچا شەكلىنى ھاسىل قىلغان. شۇڭا بۇ يېزا «ئاچال» نامى بىلەن ئاتالغان.

ئىككىنچى، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1-توم، 131-بەتتە «ئاچال» دېگەن سۆز — ئارىش، ئىككىگە ئايرىلغان يولنىڭ بېشى» دەپ ئىزاھلانغان. «ئاچا» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن، جۇغراپىيەلىك ئورنى جەھەتتە كەلپىن بازىرى بىلەن مارالبېشى ياكى ئاقسۇ، قەشقەرگە بارىدىغان يەرگە جايلاشقان بولغاچقا «ئاچال» دەپ ئاتالغان. كەلپىندە يەنە «يول ئارىش» دېيىلىدىغان بىر يول دوقمۇشىمۇ بار.

**4. ئىنگەن:**

بىرىنچى، ئىنگەن ئەسلىي «ھىڭگان» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ھىڭگاننىڭ كەلپىن شېۋىسىدىكى مەنىسى سىغىن تۆگە، قايمال تۆگە دېگەندەك ھەر خىل مەنىگە ئىگە. ئاچال يېزىسى كونا چىلان كەنتىدىن تەخمىنەن ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يەتتە خىل رەڭلىك قاتمۇقات تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بۇ مەھەللىنىڭ تەبىئىي گۈزەل مەنزىرىسى كىشىنى چەكسىز مەپتۇن قىلىدۇ. بۇ مەھەللە «ھىڭگان» دېگەن سۆزدە فونېتىكىلىق

ئۆزگىرىش بولۇپ، كېيىنچە «ئىنگەن» نامى بىلەن ئاتالغان، ئىنگەننىڭ يەنە «چۇشكەن» دېگەن مەنىسىمۇ بار.

ئىككىنچى، چىلان يېزىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان قاقاسلىق شېغىل تاغ ئارىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى. بۇ جايدا ئون نەچچە ئائىلە دېھقانچىلىق قىلىدۇ. ئىنگەننىڭ «ئىندىگەن»، «ئىنگەك» دېگەن ۋارىيانتلىرى بار. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 1362-بەتتە «ئىنمەك» ئېگىشمەك، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۇشمەك، دەپ ئىزاھلانغان. شۇڭا ئىنگەن دېگەن سۆز ئېگىشكەن، «چۇشكەن» دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ، كەلپىن خەلقى ئالدى پەس، كەينى ئېگىز تۆگىنى «ئىنگەن تۆگە» دەپ ئاتايدۇ.

## 5. ھاپىز بۇلاق:

ئىنگەن مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ھاپىز مۇھەممەد دېگەن كىشى 1986-يىلى تاغدا مال بېقىۋاتقاندا، تاغ قاپتىلىدىكى تاش ئارىسىدىن تەپچىرەپ سۇ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قولىدىكى تۆمۈر ھاسا بىلەن ئادەم بېشىچىلىك چوڭلۇقتىكى تاشنى قومۇرۇۋەتكەن. شۇئان تاش ئارىسىدىن سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى ئېتىلىپ چىققان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ بۇلاق «ھاپىز بۇلاق» دەپ ئاتالغان.

## 6. گەزلىك:

كەلپىن ناھىيەسى گەزلىك كەنتىنىڭ نامى بولۇپ، كېيىن پۈتۈن گەزلىك يېزىسىنىڭ نامى قىلىنغان. «گەز» دېگەن سۆز «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 955-بەتتە مۇنداق ئىزاھلانغان: 1) سۈتكە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ قازان تېگى ۋە گىرۋىكىگە يېپىشىپ قالغان قىسىمى؛ 2) ئىسسىق تۇتۇپ قېلىش تۈپەيلىدىن ئادەمنىڭ لېۋىدە پەيدا بولىدىغان قاسىراقسىمان قېتىشما، 3) «گەز» ئۇزۇنلۇقى 33 ــ 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، «قېرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «بىر قېرى ماتا» (بىر گەز ماتا) دېگەندەك. «گەز» دېگەننىڭ «شور» مەنىسى بار. شۇڭا «گەز باغلاش» دېگەننى «شور باغلاش» دەپمۇ ئاتايمىز. دېمەك «گەزلىك» دېگەن سۆز «شورلۇق» دېگەن بولىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ «گەزلىك»، «يۇلغۇنلۇق» دېگەن مەنىدە بولىدۇ دېيىشىدىمۇ بەلگىلىك ئاساسى بار. چۈنكى يۇلغۇن شورلۇقتا ئۆسىدۇ، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دىمۇ «گەز» توغرىسىدا توختالغان.

## 7. قىسىل:

كەلپىن ناھىيە بازىرىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغلىق جاي، شەرق ۋە غەربتىكى ئىككى تاغ ئارىسىدا 100 مېتىر كەڭلىكتىكى قىيانلىق ئېقىن بار. ئىككى تاغ ئارىسىدىكى بەئەينى دەرۋازىسىز ئۆتەلمە يولغا ئوخشايدۇ. ئۇ يەردىن ئۆتمەي تۇرۇپ كەلپىن ناھىيە تەۋەسىدىكى تاغلىق مەھەللىلەرگە، يايلاق، قىشلاقلارغا، 40 نەچچە مىڭ نوپۇسنىڭ جان تومۇرى بولغان بۇلاق بېشىغا بارغىلى بولمايدۇ. تاغ قاپتىلىدىكى ئاشۇ قىسىلچاق، ئۆتۈشمە يولنى ئاساس قىلىپ، ئەجدادلىرىمىز ئۇ يەرگە «قىسىل» دەپ ئىسىم قويغان.

( قىسىل ــ بوغۇز، دەريا-دېڭىز، تاغ-جىلغىلارنىڭ تار يېرى دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ)

## 8. قالماق تېمى:

قىسىل تېغىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدىكى كىچىك دۆڭلۈككە جايلاشقان تامنىڭ نامى. تاغنىڭ سەل ئۈستىگە ئويۇلغان شەكلى ۋە رەسىم نۇسخىلىرى، بۇ ئۆيلەر موڭغۇللار بىنا قىلغان ئۆيلەر بولماستىن، بەلكى كۆچا مىڭئۆيلىرىنىڭ بەرپا قىلىنىش تارىخى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. 13-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ يەردە موڭغۇللار ئەسكەر توختىتىپ، قىسىل ئېغىزىدا گۈزەتچى قويغان، شۇنىڭدىن بېرى كىشىلەر بۇ يەرنى «قالماق تېمى» دەپ ئاتاپ كەلگەن.

## 9. ساغان:

① كەلپىن يۇرچى يېزىسىغا قاراشلىق بىر تاغلىق مەھەللىنىڭ نامى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1-توم، 571-بەتتە «سارغان» سۆزىنى «شورتاڭ يەرلەردە ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت، بۇ ئوت ئۈنگەن يەر «سارغان يەر» دېيىلىدۇ، دەپ ئىزاھلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بوغماق يىلان ياكى غولپىياز مەنىسىنى بېرىدىغان «سوغان» سۆزى، قارلۇق قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان نامى «ساغۇن» سۆزى قاتارلىقلارمۇ بار. بۇ سۆزلەر ئاساسەن ئاھاڭ جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا «سارغان» سۆزى كېيىنچە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ، ساغانغا ئۆزگىرىپ، بۇ سۆز ساغان مەھەللىسىنىڭ نامى بولۇپ قالغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

② بۇ يەر ساغان تېغى ئېتىكىدىكى كۆلىمى 500 مودىن ئاشىدىغان چارۋىچىلىق نۇقتىسى ــ ساغان جىلغىسىنىڭ نامى. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 598-بەتتە «ساغان» قاپقان، يېگىسار يېزىسىدىكى بىر يېزىنىڭ، كەلپىن ناھىيەسىدىكى بىر جاينىڭ نامى دەپ ئىزاھلانغان.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1-توم، 571-بەتتە «سارغان» شورتالڭ يەردە ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت (قومۇش)، بۇ خىل ئوت ئۆنگەن يەر «سارغان» دېيىلىدۇ، قومۇشلىرى قۇرۇپ كەتكەن يەرمۇ «سارغان» دېيىلىدۇ دەپ ئىزاھلانغان.

**10. قىرتاغ:**

قىرتاغ — كەلپىن ناھىيە تەۋەسىدىكى بىر تاغنىڭ نامى. قىرتاغ تىكرەك تاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ سۆز بۆلگۈچ قىر دېگەن مەنىگە ئىگە. قىرتاغ تىزمىسى پامىر تاغلىرىدىن باشلىنىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنى كېسىپ ئۆتۈپ، كەلپىن تەۋەسىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 200 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئۇ ئاقچى يايلىقى بىلەن كەلپىن يايلىقىنىڭ پاسىلى بولغاچقا «قىرتاغ» دېگەن قاراشمۇ بار.

**11. چوڭ جىلغا:**

چوڭ جىلغا 2005-يىلى 4-ئايدا بايقالغان. ئۇ يۇرچى يېزا تېرەكئاۋات كەنتىدىن باشلىنىدۇ. مەزكۇر جىلغىنىڭ ئاساسىي قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى سەككىز كىلومېتىر بولۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى 40 كىلومېتىر جايغا جايلاشقان، بۇ ئاجايىپ كۆركەم، سىرلىق ۋە ھەيۋەتلىك سەيلىگاھ.

**12. كونا تەگمەس مەھەللىسى:**

ناھىيە بازىرىدىن تەخمىنەن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بۇ خىلۋەت مەھەللىدە بىر نەچچە ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشقان. مەنزىرىسى شۇنداق گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك. كونا تەگمەس مەھەللىسى بەھەيۋەت ئىككى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، كونا نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ناھايىتى ئاز، شۇ ۋەجىدىن بۇ مەھەللە ئاشۇنداق نام بىلەن ئاتالغان.

**13. سۇ بېشى:**

كەلپىن ناھىيە بازىرىدىن تەخمىنەن 35 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جىلغىغا جايلاشقان بۇ خىلۋەت، كۆجۈم مەھەللە كەلپىن خەلقىنىڭ ھاياتلىق جان تومۇرى بولغان بۇلاق سۈيىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغاچقا، ئاشۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

**14. سېرىق توغراق:**

سېرىق توغراق ناھىيە بازىرىدىن تەخمىنەن ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغ قاپتىلىغا جايلاشقان. رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ مەھەللە ئىلگىرى كۆجۈم تەبىئىي توغراقلىق بولۇپ، توغراقلارنىڭ شېخى سېرىق بولغانلىقتىن شۇنداق نام بىلەن ئاتالغان.

**15. مازار ئېقىن:**

كەلپىن ناھىيە بازىرىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چوڭ قىيان ئېقىنلىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب تۆپىلىكىگە جايلاشقان. قەدىمكى زاراتگاھلىقنىڭ نامى. قىيان مازارلىققا يانداش ئېقىندىن ئۆتكەچكە، ئۇ يەر «مازار ئېقىن» دەپ ئاتالغان.

(قوشۇمچە ماتېرىيال — مازار ئېقىن ھەققىدە رىۋايەت)

بۇرۇنقى زاماندا بازار ئېقىن ئۈستىدىكى ئېدىرلىقتا جەڭ بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قېنى ئېقىندا دەريا بولۇپ ئاققانىكەن. ئۇ جەڭدە ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى ئېدىرلىققا كۆمۈلگەنىكەن. شۇ مازارنىڭ ئاستىدىكى قان ئاققان ئېقىن «مازار ئېقىن» دېيىلگەنىكەن.

**16. ئاقدۆڭ:**

ئىنگەن مەھەللىسىنىڭ شەرقىي تېغىدىكى تۈپسى ئاق تۆپىلىك، ئۇ يەرگە تاغ ئۈستىدىن قارىسا ئاقۇش كۆرۈنىدۇ. شۇڭا بۇ تۆپىلىك ئاقدۆڭ دەپ ئاتالغان. ئاقدۆڭنىڭ يەر قاتلىمى ئىنتايىن چىڭ بولۇپ، ئۇنىڭغان كىشىلىرى بۇ يەرنى نەچچە 100 يىلدىن بېرى زاراتگاھ قىلىپ كەلمەكتە.

**17. قاراكۆت:**

① كەلپىن ناھىيەسى يۇرچى يېزىسىنىڭ قارمىقىدىكى بىر مەمۇرىي كەنتنىڭ نامى، ئۇ ئىككى ئېقىن ئوتتۇرىسىدىكى سېرىق توپىلىق تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. كەلپىن ناھىيە تەۋەسى ئاقسۇ قۇمباش بەگلىكىگە قارىغان مەزگىللەردە، قاراكۆتكە سۇ باشلاپ دېھقانچىلىق قىلىش قىيىن بولغاچقا، ئاقسۇ ئايكۆلنىڭ پۇقرالىرىغا داۋاملىق ھاشار چۈشۈپ تۇرىدىكەن. ھاشارنىڭ يولى ئۇزاق، نامى يامان، ئىشى مۈشكۈل بولغاچقا، بۇ ھاشار «قايغۇلۇق (سۇ قايىدىغان يەر)نىڭ ھاشىرى» دەپ ئاتالغانىكەن. كېيىنكى چاغلاردا ھاشارغا كەلگەن ئايكۆل پۇقرالىرى يۇرتىغا كەتمەي بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان، شۇنداق قىلىپ بۇھاشار «قالغۇلۇق ھاشىرى» دەپمۇ ئاتالغان. كېيىن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ سۆز بارا-بارا «قېلىپ كۆت»، «قاراپ كۆت» دېگەنگە، ئاخىرىدا «قاراكۆت» دېگەنگە ئۆزگەرگەن. شۇنداق قىلىپ «قاراكۆت» بىر كەنتنىڭ نامى بولۇپ قالغان. 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا 110 ياشتا ئالەمدىن ئۆتكەن كاراكۆتلۈك مۇھەممەد يۈز بېگى (مەممەت خۇكى) ئۆزلىرىنىڭ دەل قايغۇلۇق ھاشىرى ئۈچۈن ئايكۆلدىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان

كىشلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىكەنلىكىنى رىۋايەت قىلاتتى.
قاراكۆتلۈك تـوختى سامساق ئاكا قاراكۆتتە ئەينى ۋاقتى-
دا «قايغۇلۇق ھاشىرى» دېيىلىدىغان بىر مۇشكۇل ھاشار-
نىڭ ئۇزاق داۋاملاشقانلىقىنى بوۋىسى ئـەيسا ھاجى رىۋا-
يەت قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

② بۇ كەلپىن ناھىيە بازىرىدىكى بىر ئايماق (كەنت)
نىڭ نـامى بـولۇپ، 10 ـ ئـەسىردە ئىسلام غـازاتچىلىرى
چەرچەن، چاقىلىق نـاھىيەلىرىدىن ئـېلىپ كـەلگەن
«جـەنخـەن» (گـۇناھكارلار)نىڭ قېچىپ كـەتمەسلىكى
ئۈچۈن قاراكۆتتە ئادەم قويۇپ كـۆزىتىدىكەن. شـۇڭا
«قاراكۆت»نىڭ ئەسلىي نامى «قـاراپ كـۆت» دېگـەنلىك
بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بـەزى كىشلەر «قـاراكۆت»نى
«قايغۇلۇق» دېگەن مەنىدە بولىدۇ دەپ مۇلاھىزە قىلى-
شىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، قاراخانىلار دەۋرىدە كەلپىن ئۈچ
رايونى ھازىرقى ئۈچتۇرپان ـــ ئـونسۇ بـەگلىكىگە قاراش-
لىق يۇرت بـولۇپ ئـۇ يـەرگە سۇ چىقىرىش، ئۆستەڭ
چېپىش، ئاقسۇ ئايدىڭكۆل (ئايكۆل) خەلقىنىڭ زىممىسىگە
چۈشكەنلىكتىن، كىشلەر ئـۇ يـەرنى «قـايغۇلۇقنىڭ ھاشى-
رى» دېگەن نام بىلەن ئاتاشقان.

**18. لوپ:**

تومشۇقنىڭ ئايغىدىكى قۇملۇقتا تۇتىشىدىغان بىر
كىچىك تۈزلەڭلىكنىڭ نامى، «سۇ يـىغىلىپ قـالغان يـەر»،
«جاڭگاللىق» دېگەن مەنىدە. بۇ يـەرنىڭ غـەربىي جەنۇ-
بىي تەرىپىدە جەنۇبقا سوزۇلغان ئېقىنلىق بولۇپ، بـۇ يـەر
ئالىقاچان تېرىلغۇ مەيدانىغا ئـۆزگەرگەن بـۇ تـېرىلغۇ يـار-
داڭلىق «يۇرچى يېرى» دەپ ئاتىلىدۇ، لوپ ئەسلىدە بۇ-
نىڭدىن 100 يىللار ئىلگىرى قويۇق جاڭگاللىق ئىكەن.

**19. ئەسكەنت قەدىمي شەھىرى:**

ئـەسكەنت «ئـەسكـى كـەنت»، «ئـەسلـى كـەنت»
دېگەن سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن بولۇپ، «تاش-
لىۋېتىلگەن كەنت»، «كونا كەنت» دەپ ئىزاھلاشقا بولى-
دۇ. (قەدىمكى ئـۇيغۇر تـىلىدا ‹ئـەسكى، كـونا، خىرقىتى›
دېگەن سۆزلەر مەنىداش سۆزلەردۇر) بۇ شەھەر كەلپىندى-
كى ئەڭ قەدىمي كونىشەھەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ شەھەر خا-
رابىسى قاراكۆت كەنتى بىلەن تـومشۇق كـەنتىنى ئـايرىپ
تۇرىدىغان توغرا يارنىڭ شـەرقىي شـىمالىدىكى قىرغىقىغا،
يەنى تومشۇقنىڭ غەربىي جـەنۇبىي تـەرىپىگە جـايلاشقان.
ئۇزاق يىللاردىن بېرى كـەلكۈننىڭ يـارنى يـالاپ كـېتىشى
ۋە كىشلەرنىڭ دېھقـانچىلىق قـىلىش ئـۈچۈن بـۇ يـەردىن
يەر ئېچىشى، بايلىق ئىزدىشى نەتىجىسىدە، شـەھەر كۆلى-
مى كىچىكلەپ ۋە ئېغىر بـۇزغۇنچىلىققا ئـۇچراپ، روشـەن
ئىزناسى قالمىغان. يېقىندىن بېرى مەلۇم بولۇشچە، ئەينى
ۋاقىتـدا يـۇرچى بـەش ئـۆيلۈك ئـالدىدا بـىر چوڭ كۆل
بولۇپ، بۇ كۆلنى چېپىش ۋاقتىدا، چوڭ كۆلنىڭ ئاستىدىن
تـومشۇق كـونىشەھەر (ئـەسكەنت)گـە تـۇتىشىدىغان بــىر
ساپال تۇرۇبىلىق يەر ئاستى ئېرىق بايقالدى. ئـەينى ۋاق-
تىدا بۇ ئېرىق بىلەن ئەسكەنتكە سۇ يەتكۈزۈلگەن. ئېرىق-
نىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2.5 ــ 2.8 كىلومېتىر كېلىدىغان-
لىقى مەلۇم. ئەسكەنت توغرۇلۇق يېزىلغان يازما ماتېرىيال-
لارغا ئاساسلانغاندا، بۇ يەر ئاستى ئېرىقنى ئەڭ كېيىن دې-
گەندىمۇ تاڭ دەۋرلىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قېزىل-
غان دېيىشكە بولىدۇ. كۆلنىڭ ئـومۇمىي كـۆلىمى 700 كـ-
ۋادرات مېتىر، چوڭقۇرلۇقى ئىككى مـېتىر بـولغان؛ ئـېرىق-
نىڭ كەڭلىكى 30 ــ 40 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن
40 سانتىمېتىر بولغان.

**20. ئۇلۇغ يار:**

بۇ قەدىمي قىيانلىقنىڭ نامى بولۇپ، ئـورنى تـومشۇ-
رىق كەنتىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن بـاشلىنىپ، قـارا-
كۆتنىڭ شـەرقىي جـەنۇب تـەرىپىگە سوزۇلغان، كـەڭلىكى
400ـ 500 مـېتىر كـېلىدىغان قـەدىمـي قـىيانلىق، هــازىر
بولسا مۇتلەق كۆپ قىسمى تېرىلغۇ يەر قـىلىپ ئـۆزلەشتۈ-
رۈلگەن.

**21. تۇرا:**

بۇ جاي گەزلىك يېزىسىنىڭ غەربىي جـەنۇب تـەرىپـ-
ىدىكى مەھەللىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ مـەھەللە تـەۋەسىدىكى
قەدىمكى تىم تۇرالارنىڭ نامىدىن كـېلىپ چـىققان، ئـاچال
يېزىسىدىكى «تۇرا» كـەنتىنىڭ نـامىمۇ، گـەزلىك يـېزىسى
«تۇرا» مەھەللە نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن ئوخشاش.

**22. چاڭچىلار:**

بۇ ئۇرۇقنىڭ ئاساسلىق قىسمى قاراكۆت. يـۇقىرىسى
قۇملۇق چوڭتېرەك ئەتراپىدا، يەنە بىر قـىسمى ئـۇرۇمچى
شۆيمۇگو ئەتراپىدا تىرىكچىلىك قىلىدۇ، تارىخىي مەنبەلەر-
دە بۇ قەۋم مۇنداق چۈشەندۈرۈلىدۇ.

(1) توخرىلار خانى ھۇن تـەڭرىقۇتى بـاتۇر تـەڭرى-
قۇت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خەلقى تار-
قىلىپ بەزىلىرى غەربكە يۈرۈپ، پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ
كەتكەن. ئاجىزلىرى جەنۇبقا يۈرۈپ، تەڭرىتاغدا چاڭلار-
غا بېقىنىپ ئـولتۇراقلىشىپ، بـارا ـ بـارا چـاڭلار تـەرىپىدىن
ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن.

(2) بـۇ ئـۇرۇقتىكىلەرنىڭ غـوۋغـا ۋە مـاجىرادىن

قورقمايدىغان مىجەزىگە ئاساسلانغاندا، كەلپىندىكى چاڭچىلار ئاشۇ چاڭلارنىڭ ئۇرۇقى بولۇشى مۇمكىن.

23. تومئېرىق:

بۇ يۇرچى يېزىسىنىڭ تومئېرىق كەنتىنىڭ نامى بولۇپ، «توما ئېرىق» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان.

قەدىمكى زاماندا تومئېرىق كونىشەھەر ناھايىتى ئاۋات شەھەر ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ يۇرتتا ئىككى گۇرۇھ پەيدا بولۇپتۇ، يەنى ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەر بىلەن كىرمىگەنلەر زىددىيەتلىشىپ قاپتۇ، ئۇلار ئەسلىدە سۇنى يۇرچىدىن ئىچىدىكەن. تومئېرىق كونىشەھەرگە قامىلىپ قالغانلارنىڭ سۈيى ئۈزۈپ تاشلىنىپتۇ. ئۇلار يۇرچى مۇھەممەد ھاجىنىڭ ئۆيى ئالدىدىكى كۆلنىڭ تېگىدىن تومئېرىق كونىشەھەرگىچە يەر ئاستى سۇ يولى ياساپ، ئۇنى خىش بىلەن قوپۇرۇپ سۇنى شۇ يەر ئاستى ئېرىقى بىلەن ئەكىلىپ ئىشلىتىپتۇ. كېيىن قارشى تەرەپنىڭ ئادىمى كۆلگە سامان تاشلاپ كۆرسە، چۆكۈپ كېتىۋاتقىدەك، بۇنىڭغا قاراپ بۇ كۆلنىڭ سۈيىنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئاندىن سۇ يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغانلارنى تەسلىم قىلغانىكەن.

24. كۆكۆل:

كونا يول بىلەن توقاينى بويلاپ ئاچالغا ماڭغاندا (ياكى ئاچالدىن كەلپىن بازىرىغا قاراپ ماڭغاندا)، ئاچال كىچىكىنىڭ بىرىسىدىكى توقاينىڭ شەرقىي جەنۇب قىرغىقىدا «كۆكۆل» دېيىلىدىغان يەردە بىر تاتلىق بۇلاق سۈيى بار، شۇ ئەتراپتىن بىر نەچچە بۇلاقنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. لېكىن ئېگىزلىكى 20 مېتىردىن ئاشىدىغان بۇ يارداڭلىقنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى چىقىۋاتقان سۇ ئاز بولسىمۇ تاتلىق بولغاچقا، «كۆكۆل» دەپ ئاتالغان. كۆكۆل «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دا «تاتلىق سۇ بايلىقى» دەپ ئىزاھلانغان. ئاقسۇ قارىتال بىلەن بەشتوگمەن ئوتتۇرىسىدىمۇ «كۆكۆل» دېيىلىدىغان يەر بار.

25. قاششەر:

ئارايماق كەنتىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئېقىنلىقنىڭ بويىغا جايلاشقان بىر خارابىلىكنىڭ نامى بولۇپ. بۇ «قاشتىكى شەھەر»، «لەپتىكى شەھەر» دېگەن مەنىلەردە بولىدۇ.

بۇرۇنقى زاماندا ئارايماقنىڭ قاششەھەر دېگەن يېرى چوڭ بىر شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا غىرۋايىت، ماقىرا، قاراماستان دېگەن مەھەللىلەر بار ئىكەن. كېيىن كەلكۈن بېسىپ كېتىپ، بۇ شەھەر ۋەيران بولغانىكەن.

26. كالۋا تاغ:

كەلپىننىڭ غەربىي، جەنۇب تەرىپىدىكى گىياھ ئۆسمەيدىغان، ئۈستى شېغىللىق، تاقىر، كۆيۈك تاغ «كالۋا تاغ» ياكى «ساراڭ تاغ» دېيىلىدۇ. (بۇ تاغ ئارىسىغا كىرسە غەيرىي ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ)

27. پاسون:

بۇ گەزلىك يېزىسىدىكى ئەڭ چوڭ كەنتنىڭ نامى بولۇپ، يۇرچى يېزىسى بىلەن گەزلىك يېزىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان پاسىلغا جايلاشقاچقا، «پاسىل» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ «پاسىن» دەپ ئاتالغان.

(پاسىل — چېگرا، چەك، ئايرىما: پاسون-شەكىل، مودېل، چىرايلىق دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.)

28. ئوتتۇرا ساي:

بۇ گەزلىك يېزىسى بىلەن يۇرچى يېزىسى ئارىلىقىغا جايلاشقان كەڭرى ساي بولۇپ، ئىككى يېزىنى دەل ئوتتۇرىدىن ئايرىپ تۇرغاچقا «ئوتتۇرا ساي» دەپ ئاتالغان، كەلپىن خەلقى بۇنى «ئارا ساي» دەپمۇ ئاتايدۇ.

29. سېسىق:

ئاچال يېزىسىغا قاراشلىق تۇغبېشىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تۇمشۇق تاغنىڭ قاپتىلىدا تۆت-بەش مو كۆلەمدە سازلىق بار. بۇ سازلىقنىڭ سۈيى ناھايىتى تۇزلۇق بولۇپ، ياز كۈنلىرى يۇلغۇن كۆكلەپ، ياۋا ئۆردەكلەر تۇخۇم سېلىپ كۆپىيەتتى. قىش كۈنلىرى بۇ يەر تۇز ئۆرلەپ، گەز باغلاپ كېتەتتى. چىرىندىلار سېسىق پۇراق چىقىرىپ تۇرغاچقا، شۇڭا بۇ يەر «سېسىق» دەپ ئاتالغان. 1968-يىلدىن بۇرۇن سېسىقنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىن بىر زەيلىك چېپىپ ئۆستەڭ يارغاچقا، سېسىقنىڭ سۈيى تارتىلىپ، يۇلغۇنلار قۇرۇپ، قۇم بېسىپ كېتىش ئالدىدا.

30. توقاي:

كەلپىندىن ئاچالغا بارىدىغان يولنىڭ مازار ئېقىن باشلاپ كىچىككىنە بولغان ئارىلىقتا شىمال تەرەپتە ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىردىن ئارتىدىغان ئۇزۇنلۇقتا «توقاي» دېيىلىدىغان ئوتلاق بار. بۇ يەردىن ئاچالغا بارىدىغان سۇ ئېقىپ ئۆتىدۇ. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 308-بەتتە «توقاي» دېگەن سۆزنى: «قويۇق ئۆسكەن ئورمان ۋە چاتقاللىق»، دەپ ئىزاھلىغان. ئاقسۇ قاراتال غالدىر ماتاننىڭ جەنۇبىدا توقاي دېيىلىدىغان يەر بار.

31. باغلىق.

كەلپىن بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قىيان ئاقىدىغان

ئېقىنلىق بويىغا جايلاشقان بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ كەنتتە ئەسلىدە باغ كۆپ بولغانلىقتىن «باغلىق» دەپ ئاتالغان.

**32. چىلان:**

ئاچال يېزىسىغا قاراشلىق قەدىمكى يېزا نامى. چىلاننىڭ شەرق تەرىپىدە قەدىمي شەھەر «چىلانتور» بار. چىلان دېگەن سۆز «تاجىك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 2-توم، 537-بەتتە مۇنداق ئىزاھلانغان: 1) چىلان دەرىخىنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپ قالماي، يەنە ئۇنىڭ مېۋىسىنىمۇ كۆرسىتىدۇ؛ 2) «چىلان» دېگەن سۆز پارس تىلىدا تۆمۈردىن ياسالغان پىچاققا ئوخشاش تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ 3) بۇرچنى بىلدۈرىدۇ؛ 4) قىزىل دېگەن مەنىدە.

**33. يايدى:**

① ئاچال يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى پايانسىز جاڭگاللىقنىڭ نامى. كەلپىن مازار ئېقىن جىلغىسىدىن ئاققان قىيان، ئارتۇق سۇلار ۋە ئاچال يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن ئاققان قىيان، ئارتۇق سۇلار شۇ يەرگە يېيىلىپ ھەر يان تارقالغاچقا، «سۇ يېيىلدى» دېگەن نام كېيىنچە قىسقىراپ «يايدى» دەپ ئاتىلىپ قالغان.

② چىلان ئېقىنلىقىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە تەخمىنەن 20 ـ 30 كىلومېتىر ماڭغاندا «يايدا»غا يېتىپ بارىمىز. چىلان ئېقىنلىقىدىن ئۆتۈش جەريانىدا رەختلىرى ھۆل بولۇپ كەتكەن سودىگەرلەر ھۆل بولۇپ كەتكەن رەختلىرىنى ئۇ جايدىكى تۈزلەڭلىككە يېيىپ قۇرۇتقان بولغاچقا شۇڭا ئۇ جاي «يايدا» دەپ ئاتالغان.

**34. يىكچى يېرى:**

كەلپىن ناھىيەلىك پوچتىخانا بىلەن دوختۇرخانىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپى، يەنى بۇ ئىككى ئىدارىنىڭ ئارقىسىدىكى تېرىلغۇ مەيدانى (ياداڭلىق بويى) «يىڭچى يېرى» دەپ ئاتىلىدۇ. «يىك» شىلۋى (تېۋىلغا)دىن قىرىپ ياسىلىدىغان، يىپ ئېگىرىش چاقىدا يىپ ئېگىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، بىر تەرىپى ئۇچلۇق، بىر تەرىپى توم، خانىلىق ياغاچ ئۇرچۇق، رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ يەردە بىر يىك ساتقۇچى ئولتۇرغانىكەن. شۇڭا «يىكچى يېرى» دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن.

«يىك» (ئىك) قەدىمكى ساك تىلىدا بىر ئەمەلنىڭ نامى بولۇپ، (ئىكساك» (يىكساك) دەپ ئاتالغان دەپ قارالماقتا.

«يىكچى» بەزىدە «يىكچىر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (بۇنداق ئاتىلىش موڭغۇل تىلىغا بىر قەدەر يېقىن)

**35. كۆنچى مەھەللىسى:**

بۇ يۇرچى يېزا قۇمئېرىق كەنتىدىكى كۆن - خۇرۇم ئىشلەشنى كەسىپ قىلغان كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان مەھەللىنىڭ نامى. بۇ مەھەللىدىن ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا بارغانلار ئەڭ كۆپ كەنتلەرنىڭ بىرى. بۇ مەھەللە «مالتاق مەھەللىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**36. بەلچىت:**

بۇ سۆز «بەك چۇشتى» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، كەلپىنگە ئاقسۇدىن بىر بەگ تەيىنلىنىپ، ھازىرقى يۇقىرىس كەنتى ئەتراپىغا كېلىپلا، شۇ يەردىن كېتىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر «بەگ چۇشتى» دەپ ئاتىلىپ، كېيىن بۇ سۆز ئاستا-ئاستا «بەلچىت» دېگەن سۆزگە ئۆزگىرىپ كەتكەن دەپ قارالماقتا.

**37. ئارىئايماق:**

بۇ يۇرچى يېزىسىدىكى بىر ئايماق (كەنت)نىڭ نامى بولۇپ، يۇرچى يېزىسىدىكى بارلىق ئايناق (كەنت) نىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا، يەنى ئارىسىغا جايلاشقاچقا كەلپىن خەلقى ئارائايماق دېيىشىدۇ. (بۇ كەنتتىكىلەر سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىنتايىن ماھىر، مىليونېرلار كۆپ)

**38. قاغناق جىلغىسى:**

تۇغبېشىدىن ئاچالغا قاراپ ماڭغاندا تۇغبېشىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدىكى قىيانلىق جىلغىسىنىڭ نامى. بۇ جىلغىدا ئاقۇش سېرىق رەڭلىك بىر چاتقال كۆپ ئۆسكەچكە، بۇ جىلغا «قاغناق خىلغىسى» دەپ ئاتالغان. يامغۇر ياغسىلا جىلغىدىن توپلىنىپ كەلگەن قىيان ئاچال ئۆستىڭنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، ئۆستەڭنى بۇزۇۋېتىپ، ئاچالغا بارىدىغان سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۆستەڭنى قىيان سۆرەپ كېتىش، ئاچال خەلقى ئۈچۈن ۋەھىمە ئېلىپ كېلەتتى.

**39. توكچى:**

بۇ يۇرچى يېزا تومئېرىق كەنتىدىكى بىر مەھەللىنىڭ نامى بولۇپ، ئەسلىي نامى تۇرخوجا (خوجىلار تۇرغان جاي) ئىدى. كېيىنكى ئۇزاق مۇددەتلىك فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىدا ھازىر ئۇ يەر توكچى نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

**40. قاشئېرىق:**

گەزلىك يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ كەنت يېزا بويىچە ئەڭ ئېگىز جايغا جايلاشقان. ئەينى چاغدا بۇلاق سۈيى ۋە تاغ سۇلىرى بۇ كەنتكە تەستە چىققان.

ئاشۇ خىل جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن بۇ كەنت «قاشئېرىق» دەپ ئاتىلىپ قالغان. يەنە بىر تەرەپتىن پىشقەدەملەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بۇ كەنتكە سۇ چىقىرىش قىيىن بولغاچقا دېھقان، چارۋىچىلار تۆپىلىكتىكى قاشنى بويلاپ ئېرىق چېپىپ، كەنتكە سۇ باشلاپ كەلگەن. شۇڭا بۇ كەنت «قاشئېرىق» ئاتالغان. بۇ كەنت ھازىر «ئۆستۈن قاشئېرىق»، «تۆۋەن قاشئېرىق» دەپ ئىككى كەنتكە ئايرىۋېتىلدى.

**41. قالما:**

گەزلىك يېزىسىدىكى ئاھالىسى، تېرىلغۇ يېرى، ھەتتا تېرىلغۇ يەرگە ئىشلىتىلىدىغان سۈيى ئەڭ ئاز كەنتنىڭ بىرى. رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ كەنت نامرات جاي بولۇپ، كىشىلەر تۇرمۇشنى قامدىيالماي، ئۆيىدىن ئايرىلغان چاغدا قايغۇلۇق ھالدا «قالىما» دېگەنلىكى ئۈچۈن «قالما» دەپ ئاتالغان، كېيىنچە تاۋۇش قىسقىراش سەۋەبىدىن «قالما» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش زۆرۈركى، قالما كەنتى ھەرگىز موڭغۇللار (قالماقلار) ئولتۇراقلاشقان جاي ئەمەس، شۇنداقلا قالما كەنتىدىكىلەر يەنە قالماقلارنىڭ ئەۋلادى ئەمەس. ئاچال قالما كەنتىدىكىلەر كەلپىن قالما كەنتىدىن كۆچۈپ كەلگەچكە، ئاچال يېزىسىدىمۇ تەبىئىي رەۋىشتە ھازىرقى قالما كەنتى بارلىققا كەلگەن.

(قالما — قارىما، قېپقالما، قالماق، قالمىغىن، قېپقالغان دېگەندەك مەنىلەر ئاساسىدا تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ)

**42. سالىش:**

گەزلىك يېزا ئورگىنىنىڭ ئارقىسىدىكى يەر «سالىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ قەملۇق كەنتىگە تەۋە. چوڭلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ يەر ئەسلىي قۇملۇق كەنتىدىكى «سالىش ئاخۇن» دېگەن بەگنىڭ يېرى بولۇپ، يەر ئىسلاھاتىدا ئۇ يەر نامرات دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنىكەن. كېيىنچە ئۇ يەرگە يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ سېلىنىپ، ئۇ مەكتەپمۇ «سالىش ئوتتۇرا مەكتەپ» دېيىلگەن. ھازىر ئىنگەن مەھەللىسىدە ۋە قۇملۇق كەنتىدە مەرھۇم سالىش بەگنىڭ توختى نىياز، موللاق نىياز، مۇھەممەد نىياز... قاتارلىق نۇرغۇن ئەۋرە-چەۋرىلىرى بار.

**43. چىم-چىم ئوغۇل:**

(بۇ جاينىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ قىسقارتىلمىسى) كەلپىن دىيارىدا بۇنىڭدىن نەچچە 100 يىل مۇقەددەم تاش چوماق ئاتلىق بىر ئوۋچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ شىلۇۋىردىن چوماق ياساپ جاڭگالدا ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ تىرىكچىلىك قىلىپتىكەن. تاش چوماق ئاتقان چوماق زايە بولماي ھەرقانداق ياۋايى ھايۋاننىڭ جان يېرىگە تېگىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ ئوغلى تەييارغا ھەييار، ھۇرۇن بالا ئىكەن. ئاتىسى ئوۋچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگەن، مەندىن قالساڭ قىينالماي جان باقىسەن دەپ نەسىھەت قىلسا پەقەت قۇلاق سالمايدىكەن. بىر كۈنى تاش چوماق ئايالى بىلەن جاڭگالغا ئوۋ ئوۋلىغىلى كېتىۋېتىپ قىيان ئېقىتىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بالا ئاتا-ئانىسىنى ئىزدەپ جاڭگالغا بېرىپتۇ، تاغ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ، ئاتا-ئانىسىنى تىنىمسىز چاقىرىپتۇ. يىغلاپ قاقشاپتۇ، ئوۋچىلىقتىن خەۋىرى بولمىغاچقا ئاچ-زارلىقتا ماجالىدىن كېتىپتۇ.

بىر پەرىشتە ئۇ بالىنىڭ ھۇرۇن، تىرىكتاپىلىقىغا غەزەپلىنىپ، ئۇنى تاش مومىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. تاش مومىغا ئايلانغان ئۇ بالا ئاتىسىنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي، مۇشۇ قىسمەتكە مۇپتىلا بولغىنىغا ئېچىنىپ، پۇشايمان يەپ دائىم كۆزىنى چىمىلدىتىپ، تەڭرىدىن ئۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تىلەيدىكەن. لېكىن مەڭگۈلۈك سېھىرگە مەھكۇم بولغاچقا، تا ھازىرغىچە ئەسلىگە كەلمەپتۇ، تۆۋەنكى تاغدا كۆرۈنىدىغان ئاشۇ مومىسىمان تاشنى كىشىلەر «چىم-چىم ئوغۇل» ياكى «چىم-چىم ئوغلان» دەپ ئاتىشىدۇ.

**44. قىشلاق:**

قىشلاق — قىشلايدىغان جاي، قار ئاز كۈنگەي تەرەپ دېگەنلىك. كەلپىن ناھىيەسىدىكى چارۋىچىلار مال-چارۋىلارنى زىمىستان قىشتىن ئامان-ئېسەن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كەلپىن تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى قار ئاز، سوغۇق بەك بولمايدىغان، قۇرۇق ئوت-چۆپى مول يايلاققا كۆچىدۇ. ئاشۇ كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان پىنھان يايلاق قىشلاق دېيىلىدۇ. شىنجاڭدا قىشلاق نامى بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرى ناھايىتى كۆپ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1-توم، 607-بەت). «قىشلاق» سۆزىگە «قىشلايدىغان جاي، تاغنىڭ ئوتى مول، قار ئاز، كۈنگەي تەرىپى» دەپ ئىزاھ بەرگەن. (يۇقىرىقىدىن باشقا ئاچال يېزىسىدىمۇ مال-چارۋىلار يايلايدىغان چەكسىز كەتكەن يايلاق بار بولۇپ، بۇ يەرمۇ قىشلاق دەپ ئاتىلىدۇ)

**45. ئۆستەڭبويى:**

كەلپىن ئاچال يېزىسىنىڭ قۇملۇق كەنتىگە قاراشلىق «ئۆستەڭبويى» دېگەن بىر مەھەللە بار. ئىلگىرى بۇ جاي

ئۆستەڭبويىدا بولغاچقا شۇنداق دەپ ئاتىلىپ قالغان. چىلان يېزىسىغا قاراشلىق 1 ـ كەنتمۇ «ئۆستەڭبويى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**46. سايات:**

گەزلىك يېزىسى باغلىق كەنتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئېقىنلىقنىڭ غەربىي قىرغىقىدا سايات دېگەن قەدىمىي شەھەر خارابىسى بار. سايات دېگەن سۆز «سايىدا يات» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن. باغلىق كەنتىدە ئەينى زاماندا باغ كۆپ بولۇپ، بۇ نامنىڭ كېلىش مەنبەسىنى باغنىڭ كۆپلۈكىدىن «سايىدا يات»، «سايىدا ئارام ئال» دېگەن سۆزنىڭ قىسقىرىشىدىن بارلىققا كەلگەن دەپ قەيت قىلىشقا بولىدۇ.

**47. دۆڭئېرىم:**

بۇ كەلپىن بازىرىنىڭ غەربىدىكى ئېقىنلىق (ئۇلۇغيار) بىلەن قىسماق سېيىنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئېگىز تۇزلەڭلىكنىڭ باشلىنىش قىسمىدىكى بىر بۆلەك يەرنى كۆرسىتىدۇ. «دۆڭئېرىم» ئەسلىدە «دۆڭتېرىم»، «دۆڭدىكى تېرىم» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن. گەزلىك تەۋەسىدىكى ۋە نامنى بىلىدىغان باشقا يېزىدىكى كىشىلەر ئۇ يەرنى قىسقارتىپ «دۆگرىم» دەپ ئاتىشىدۇ.

**48. قىسماق مازارى:**

گەزلىك يېزا پاسون كەنتىدىكى 105 ياشتا قازا قىلغان مەرھۇم مامۇت باقىشنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئېيتىپ بېرىشىچە، قىسماق مازىرى تەخمىنەن 1600~ 1700 يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمكى مازارلىق بولۇپ، قىسماق سېيىغا جايلاشقاچقا شۇنداق نام بىلەن ئاتالغانىكەن. يەنە بىر تەرەپتىن تۆپىلىكتىن قارىسا قىسماق مازىرى ئىككى باسمىقى كەڭ ئېچىلىۋاتقان قىسماققا ئوخشىغاچقا، شۇ نام بىلەن ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن «قىسمان مازىرى»نى ئىككى تەرەپتىن ئىككى ئېقىن قىستاپ تۇرغاچقا شۇنداق ئاتالغان بولۇشمۇ ئېھتىماللىققا يېقىن، بۇ مازارلىق كەلپىن ناھىيەسىدىكى تارىخى ئۇزاق، نامى ئۇلۇغ زاراتكارلىق.

**49. غالتەك:**

«غالتەك» ئەل ئارىسىدا ئىبراھىم غالتەكنىڭ دېگى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ يەر ئاچال يېزىسىدىن ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كەلپىن ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان 2 ـ چوڭ ئەگمە يولنىڭ تاغ قاپتىلىغا توغرا كېلىدۇ.

گەزلىك يېزىسى پاسون كەنتىدىكى ئىبراھىم غالتەك دېگەن كىشى ئاچارچىلىق يىللىرىدا جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە بۇ جايغا گەمە كولاپ ئولتۇرۇپ، قارىكۆل چۆللۈكىدىن ھارۋا بىلەن ئوتۇن توشۇيدىغان ۋە باشقا ئۆتكەن ـ كۆچكەنلەرگە قايناق سۇ، قوناق، تېرىق ئۇمىچى سېتىپ تىرىكچىلىك قىلغان. بۇ يەر تەبىئىي يوسۇندا يولۇچىلارنىڭ ئارامگاھىغا، قونالغۇسىغا ئايلانغان. نەتىجىدە تاغقا قاپتىلىدىكى باردى ـ يوق بىر گەمە بار. بۇ جاي «غالتەڭنىڭ دېگى» دەپ ئاتىلىپ قالغان.

**50. يول ئارىش:**

بۇ يول ئايرىلىش دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى. ئاقسۇ ـــ قەشقەر چوڭ يولىدىن كەلپىن ناھىيە بازىرىغا قايرىلىپ ماڭىدىغان يول دوقمۇشى «يول ئارىش» دېيىلىدۇ.

**51. دەڭ:**

بۇ ئاچال يېزا بازىرىنىڭ قەدىمكى نامى. دەڭ ئادەتتە «قونالغۇ»، «ئۆتەڭ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دەڭ قەدىمكى يىپەك يولىنى مۇقەررەر كېسىپ ئۆتىدىغان ئۆتەڭ بولۇپ، سودا كارۋانلىرى، يولۇچىلار بۇ يەردە ئارام ئېلىپ ياكى قونۇپ ئاندىن سەپىرىنى داۋاملاشتۇرغان، نەتىجىدە ئاچال يېزا بازىرى «دەڭ» دەپ ئاتىلىپ، بۇ نام تا ھازىرغىچە قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

**52. قۇملۇق:**

بۇ گەزلىك يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى. بۇ كەنت پايانسىز قۇمساڭ چۆللۈككە تۇتاش، ئۇنىڭدىن باشقا مەزكۇر كەنتنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى سايلىق، تەبىئىي شارائىتى ئىنتايىن قۇرغاق. تېرىلغۇ يېرىنىڭ توپا قېلىنلىقى تېيىز تەبىئىي قۇمساڭ چۆل ـ جەزىرە ۋە سايلىققا جايلاشقان، بۇ كەنتنى قەدىمكى كىشىلەر يەر تۇزۇلۇشىگە، تەبىئىي شارائىتىغا قاراپ «قۇملۇق»، يەنى قۇملۇق كەنتى دەپ ئاتاشقان.

ئاچال يېزىسىنىڭ قۇملۇق كەنتىدىكى كىشىلەر گەزلىك يېزىسى قۇملۇق كەنتىدىكى كىشىلەر ئارىسىدىن كۆچۈپ بارغان، نەتىجىدە ئاچال يېزىسىدا تەبىئىي رەۋىشتە قۇملۇق كەنتى بارلىققا كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن ئاچال قۇملۇق كەنتىدىكى دېھقان، چارۋىچىلار، گەزلىك يېزىسى قۇملۇق كەنتىدىكى كىشىلەر بىلەن ئاساسەن ئۇرۇق ـ تۇغقان كېلىدۇ.

(قۇملۇق ـــ قۇمى بار. قۇم ئارىلاشقان، قۇم باسقان، قۇم بىلەن قاپلانغان دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ)

(ئاپتور: كەلپىن ناھىيەلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن)

(ئاخىرى بار)







خەتتات مەتتۇرسۇن ئابدۇرېشىت



گۈلخان
تۇردى عثمان سىزغان
1992 - يىل
篝火
一九九二年
吐尔地·依明
於新疆